مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE



MIRAS
美拉斯
MIRAS

# ميراس

1
2006

ISSN 1004-3829
02>

www.uyghurkitap.com

# بازار













پولات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2006 ـ يىل 1 ـ سان

(ئومۇمىي 93 ـ سان)

## تەبرىك ۋە تىلەك

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنىدىكى سۆز..............ئىسمائىل تىلىۋالدى (1)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئۇيغۇرلاردا قوشنىدارچىلىق ئادىتى ۋە ئۇنىڭ يۈزلىنىشى توغرىسىدا..............................ئابدۇكېرىم راخمان (6)
«ماناس» ئېپوسىنىڭ جۈملە تۈزۈلۈش قېلىپى..............ئادىل جۇماتۇردۇ (22)
مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئىلىم ـ پەن روھى ۋە كېلەچەك...مەھمۇد ھېشبالىقى (49)

## يات ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

سۋېن ھېدىن خاتىرە سارىيىدىكى ئىككى بوتۇلكا دۇغ سۇ..............................................ئەسەت سۇلايمان (11)
ئالتە شەھەرگە ساياھەت..............نۇغمان باياندىيىن (قازاقىستان) (65)

## دۇنياغا نەزەر

روسىيە خاتىرىلىرى......................................ئارسلان تالىپ (29)

## ساقلىقىڭ ـ شاتلىقىڭ

ئوردا رېتسېپلىرى..............................رەتلىگۈچى: ھاپىز نىياز (55)

## ھەر كۆلنىڭ پۇرىقى باشقا

يۇقرالار شەھىرى ـ تيەنجىن..........................مەتتىمىن ھوشۇر (ت) (71)
نېمە ئۈچۈن پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالدۇق.....گۈلشات تەلئەت (ت) (76)

## كۈلكە ـ جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار..................................ئەنۋەر رەھمەت (ت) (75)

باش مۇھەررىر:
**يۈسۈپ ئىسھاق**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
TEL: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:
58 _ 60
E-mail: mirasuyghur@126.com

چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
باھاسى 5.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

بىزنىڭ ئۇرانىمىز — مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت!

بىزنىڭ قوغدايدىغىنىمىز - ئۇلۇغ مىللىي مەدەنىيەت!

## 目　录


维吾尔族邻里关系与其走向 .... 阿不都克力木．热合满(教授、博导)
斯文赫定纪念馆中的两瓶混水 ........ 艾赛提．苏来曼(教授、博士)
马赫穆德．喀什葛尔的科学精神与未来 ....... 穆罕默德．别十八里
“玛纳斯”史诗的程式句法 ............ 阿地里．居玛吐尔地(博士)
俄罗斯纪事 ............................ 阿尔斯兰．塔里甫
六城游历(南疆六城) ............. 诺葛曼．巴彦地音(哈萨克斯坦)
宫庭秘方 .......................... 整理者: 阿碧孜．尼亚孜


## Contents


Neighborhood Customs in Uyghur's and Its Current Trend .............. ................................................ prof. Abdukerim Rahman
Two Bottle's of Water in Sven Hedin Foundation..... Prof. Dr. Asad Sulayman
Scientific Spirit of Mahmoud – al – Kashgari............ Mahmud Beshbaliq
Russian Diary.......................................... Arslan Talip
Travel to Alte – Sheher................ Noghiman Bayandiyin (Kazakistan)



General Editor:
YUSUP ISKHAK
Vice Editor:
MUHTAR MUHAMMED


جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

我们要保护传统文化

我们要抢救传统文化

我们要弘扬传统文化


主编:
玉素甫．依莎克
副主编:
穆合塔尔．穆罕默德

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:(美拉斯)杂志社(乌市友好南路22号文联14层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号: CN65—1130/I
外统一刊号: ISSN1004—3829
邮政代号:58—60
E-mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
邮编:830001
定价:5.00元

بۇ سانىنىڭ جاۋابكار مۇھەررىرى:
مۇختار مۇھەممەد


ماۋزۇدىكى قىسمەن رەسىملەر «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلانغان گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما» دىن ئې- لىندى.



# جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنىدىكى سۆز

**ئىسمائىل تىلىۋالدى**
**(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى)**

يولداشلار:

مىلادىيە 2005 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ب د ت پەن ـ مائارىپ ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى 3 ـ تۈركۈمدىكى «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» نى باھالاشتا ئىلىمىز ھۆكۈمىتى ئىلتىماس قىلغان «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى» تولۇق ئاۋاز بىلەن ماقۇللىنىپ، «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى»نىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇ خۇش خەۋەر يېتىپ كېلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى شادلاندى، شىنجاڭنىڭ بىپايان زېمىنىدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى خۇشاللىق تەنتەنىسىگە چۆمدى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بىر بۈيۈك ئىش، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتىدىكى قۇتلۇق بىر ئىش بولۇپ، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋە مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، مەدەنىيەتتە يېڭىلىق

يارىتىش قىزغىنلىقىغا زور ئىلھام بېرىپ، شىنجاڭنىڭ داڭقىنى يەنىمۇ چىقىرىپ، شان ـ شەرىپىنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىنتايىن مول ھەم پارلاق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى ئەمگەكچان، باتۇر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى ۋە كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شانلىق مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىر نۇرلۇق گۆھەر، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىدىكى كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك نادىر ئەسەر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە مۇقام شەكلى بىلەن مۇزىكا، شېئىر، ئۇسسۇل، تىياتىر قاتارلىق بەدىئىي شەكىللەرنى بىر گەۋدە قىلىپ،ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىيەتتىكى خاسلىقىنى ئوبرازلىق، جانلىق مۇزىكا تىلى ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرگە تويۇنغان شېئىرىي شەكىل بىلەن ئىپادىلەپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە سەنئەتكە باي بولغان ئوبرازىنى نامايان قىلىپ، «ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئانىسى» دەپ نام ئېلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا شۆھرەت قازاندى. ب د ت پەن ـ مائارىپ ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى ھەر بىر دۆلەتنىڭ «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى»غا ھەر ئىككى يىلدا پەقەت بىرلا تۈرنى ئىلتىماس قىلسا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن، شۇنداقلا بۇنىڭ باھالاش تەرتىپ ـ تۈزۈملىرى ئىنتايىن قاتتىق بېكىتىلگەن. دۆلىتىمىز «شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى»نى ئېلىمىزنىڭ دۇنيا بويىچە 3 ـ تۈركۈمدىكى «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى»گە بىردىنبىر تۈر سۈپىتىدە ئىلتىماس قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى نامايان قىلدى.

«جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى»نى ئىلتىماس قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئىشلىرىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ، مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىۋاتقانلىقى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۇيغۇر مۇقامى يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقتىن، ئۇيغۇر مۇقامىنى بىر قەدەر مۇكەممەل ئېيتالايدىغان ۋە ئورۇندىيالايدىغان پېشقەدەم ئۇستازلار ئىنتايىن ئاز ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە مەدىتى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىز 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىلا ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»نى قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. ئەينى ۋاقىتتا، يولداش ۋاڭ جېن بىلەن يولداش سەيپىدىن ئەزىزى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلغاندا، جۇئېنلەي زۇڭلى دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە شىنجاڭغا مۇتەخەسسىس ئەۋەتىش ھەققىدە ئۆزى بىۋاسىتە يوليورۇق بەرگەن. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى بۇ ئىشنى ئۆزى بىۋاسىتە تەشكىللەپ، ۋەن تۇڭشۇ ۋە ليۇجى ۋەكىللىكىدىكى مۇزىكانتلار شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە، تۇردىئاخۇن ئاكا قاتارلىق مەشھۇر خەلق سەنئەتكارلىرى ئېيتقان ۋە ئورۇندىغان مۇقامنى تېزدىن ئۈنگە ئېلىپ، ئۇيغۇر مۇقامىدىن ئىبارەت نادىر سەنئەت ئۈلگىسىنى بىزگە مەڭگۈلۈك تەۋەررۈك قىلىپ قالدۇردى. 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى قۇتقۇزىدىغان، قوغدايدىغان ۋە داۋاملاشتۇرىدىغان كەسپىي قوشۇننى يېتىلدۈرۈپ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىلتىماس قىلىش خىزمىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن تەشۋىقات تارماقلىرىغا ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە مەسئۇل بولۇش ھەققىدە بىۋاستە يوليۇرۇق بەردى. شىنجاڭدا ئىشلىگەن بىر تۈركۈم پېشقەدەم رەھبەرلەر، جۈملىدىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى يولداش تۆمۈر داۋامەت، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ئىسمائىل ئەھمەد ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇقامنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە مەدەت بېرىپ، كۆپ جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ياردەم بەردى. تەشۋىقات ـ مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە كونكرېت ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خىزمەت گۇرۇپپىسى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، كۆپلىگەن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ يەردە مەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ لېچۈەنگە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە، ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن پېشقەدەم رەھبەرلەرگە، ئىلتىماس قىلىش خىزمىتى گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلارغا، كۆپ يىللاردىن بۇيان «ئۇيغۇر مۇقامى»نى قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش يولىدا تۆھپە قوشقان ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە سەممىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

بۇ يىل شىنجاڭدا زور ئىشلار ۋە خۇشاللىنارلىق ئىشلار كۆپ بولدى. بىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدۇق؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن قىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان ئون چوڭ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيلەشتۈردۇق؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 6 ـ نۆۋەتلىك 10 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 11 ـ بەش يىللىق تەرەققىياتىنىڭ گۈزەل كېلەچىكى تەسۋىرلەندى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولماقتا، مىللەتلەر ئىناق ئۆتمەكتە، ئىقتىساد تەرەققىي قىلماقتا، جەمئىيەت ئىلگىرىلىمەكتە، ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇلۇغۋار ئىشىغا تولۇپ تاشقان جاسارەت ۋە ئىپتىخار بىلەن ئاتلاندى. مۇشۇنداق ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەتتە، «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى»نى «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى»گە كۆرسىتىش ئىلتىماسىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ خۇشاللىقىغا خۇشاللىق، نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇپ، گۈزەل شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت شان ـ شەرىپى ۋە سېھرىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشىدا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا ئىلھام بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش دولقۇنى قوزغالدى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» ۋە «مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى» قۇرۇلدى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش چارىسى» تارقىتىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش نىزامى»نى كېلەر يىللىق قانۇن چىقىرىش پىلانىغا كىرگۈزدى؛ مەدەنىيەت تارماقلىرى «ئاپتونوم رايونىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش تايانچىلار كۇرسى»نى ئۇدا ئۈچ قارار ئاچتى ھەمدە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن 27 تۈرنى «دۆلەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى مۇندەرىجىسى»گە كىرگۈزۈلىدىغان تۇنجى تۈركۈم باھالاش تۈرى قىلىپ يوللىدى. بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا گوۋۇيۈەن تۇنجى تۈركۈمدىكى «دۆلەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى مۇندەرىجىسى»نى ئېلان قىلىدۇ، كېلەر يىلى ئاپتونوم رايونىمىزمۇ «ئاپتونوم رايونىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى مۇندەرىجىسى»نى تۈزۈش ئىشىنى باشلاپ، «ناھىيە دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى مۇندەرىجىسى»نى تۈزۈشكە ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار چوقۇم «قوغداشنى ئاساس قىلىش، قۇتقۇزۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، مۇۋاپىق پايدىلىنىش، داۋاملاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش» تەلىپى بويىچە، «ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىش، پۈتكۈل جەمئىيەت قاتنىشىش، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان تۈزۈش، قەدەم باسقۇچقا بۆلۈپ يولغا قويۇش، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، بىرلىكمە كۈچ ھاسىل قىلىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

ئىلتىماس قىلىش پەقەت بىر خىل ۋاستە، بۇنىڭدىكى مەقسەت «جۇڭخۇا ئېلىنىڭ قىممەتلىك گۆھىرى ۋە يىپەك يولىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت» ھېسابلانغان ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش، قۇتقۇزۇش، مۇۋاپىق پايدىلىنىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت. يولداشلار چوقۇم بۇ قېتىمقى ئىلتىماس قىلىشنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلىشى لازىم. بۇ ئۇتۇقلۇق بولغان يېڭى باشلىنىشنى ياخشى پۇرسەت بىلىپ، «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامىنى ئىلتىماس قىلىش خېتى»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئون يىللىق قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش پىلانى»نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىكى خىزمەتنى نۇقتىلىق ھالدا ئوبدان ئىشلەش كېرەك:

بىرىنچىدىن، «ئەسلىسىنى داۋاملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشىمىز، «ئۇيغۇر مۇقامى»نىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ئەھۋالنى ئېنىق ئىگىلەپ، بىر تۈركۈم «ئۇيغۇر مۇقام يۇرتلىرى» ۋە «ئۇيغۇر مۇقامچىلىرى»غا نام بېرىپ، ئۇيغۇر مۇقامى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ۋە تىپىك بولغان جايلاردا «ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش ۋە داۋاملاشتۇرۇش مەركىزى»نى قۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇيغۇر مۇقامىنى تېخىمۇ ياخشى قوغدىشىمىز ۋە قېزىشىمىز لازىم.

ئىككىنچىدىن، «كەسپىي جەھەتتە داۋاملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشىمىز، شارائىتى بولغان كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ «ئۇيغۇر مۇقامى»نىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، پىششىقلاپ ئىشلەپ، ھازىرقى زامان بەدىئىي ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئۇيغۇر مۇقامى»نىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ۋە خەلقئارادىكى تەسىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشكە پائال ئىلھام بېرىشىمىز، دەۋر روھى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇپ، را-

ۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى ئۈزلۈكسىز گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم.

ئۈچىنچىدىن، «تەربىيىلەش ئارقىلىق داۋاملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشىمىز، سەنئەت تۈرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ فاكۇلتېتلىرىدا «ئۇيغۇر مۇقام سىنىپلىرى»نى ئېچىپ، مەلۇم ساندا «ئۇيغۇر مۇقامى»نى تەتقىق قىلىدىغان تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى، ماگىستىر ئوقۇغۇچىلار، دوكتور ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «ئۇيغۇر مۇقامى»نى قوغدايدىغان، داۋاملاشتۇرىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان زور بىر تۈركۈم يۇقىرى سەۋىيىلىك، ياراملىق ۋە ئۆتكۈر، جانلىق ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

تۆتىنچىدىن، تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشىمىز، هازىرقى زامان سانلىق مەلۇمات ئۇچۇر ۋاستىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، «ئون ئىككى مۇقام»دىن ئىبارەت بۇ سەنئەتنى سىپىرلاشقان ئۇچۇرغا ئايلاندۇرۇشىمىز، «مۇقام خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»، «ئۇيغۇر مۇقامى خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى»، «شىنجاڭ خەلق سەنئەت بايرىمى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش خىزمىتى زور سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، كۆپ تەرەپنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى ۋە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئۇيغۇر مۇقامىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاپتونوم رايونىمىز مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، تەشكىللەش، رەھبەرلىك قىلىش ۋە ماسلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى لازىم. تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مائارىپ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، ئاخبارات ـ نەشرىيات تارماقلىرى ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈشنى بىر مۇھىم خىزمەت ھېسابلاپ، ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كونكرېت يولغا قويۇش پىلانى تۈزۈپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، قەدەم ـ باسقۇچقا بۆلۈپ، پىلانلىق يولغا قويۇشى لازىم. مالىيە تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار مەبلەغ سېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە تېگىشلىك ياردەم بېرىپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى قوغداش خىزمىتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ، شۇنىڭدەك فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەتنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى تىرىشىپ يېڭى پەللىگە يەتكۈزۈشى لازىم.

يولداشلار، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداپ، مىللىي ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش يېڭى دەۋرىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش خۇجىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا يەنە يېڭى ـ يېڭى شان ـ شەرەپلەرنى قۇچۇپ، ئىلغار مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئىناق شىنجاڭ بەرپا قىلىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

ھەممەيلەنگە رەھمەت.

# ئۇيغۇرلاردا قوشنىدارچىلىق ئادىتى ۋە ئۇنىڭ يۈزلىنىشى توغرىسىدا



ئابدۇكېرىم راخمان
(پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى)

قوشنىدارچىلىق ئادىتى ئىجتىمائىي فولكلورنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئائىلە جەمەتچىلىكى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار گۇرۇھىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورگىنى سۈپىتىدە، ھەرخىل ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

«قوشنا» دېگەن بۇ ئۇقۇم ھەم تار، ھەم كەڭ مەنىگە ئىگە: تار مەنىدە پەقەت مەھەللىلەر ئارا ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ.

كەڭ مەنىدە، بىر يۇرت بىلەن ئۇنىڭغا قوشنا يۇرتلار، بىر ئەل، بىر دۆلەت بىلەن چېگرىداش ئەل، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا قوشنىدارچىلىق ناھايىتى كەڭ مەزمۇن قاتلىمىغا ئىگە بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ئىچىدە يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە بولغان ئالاھىدە بىر خىل ئىجتىمائىي فۇنكسىيە (ئىقتىدار، كۈچ) ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ ماقالىمىزدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تار مەنىلىك قوشنىدارچىلىق ئادىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئۆزگىرىش جەريانلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

قوشنىدارچىلىق بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت سۈپىتىدە دۇنياۋى ئورتاقلىققا ئىگە بولغان ئىجتىمائىي ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئىگىلىك شەكلى ۋە ياشاش مۇھىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنى ئالساق، ئۇلار بۇرۇنراق ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىپ، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مەھەللە ـ يۇرتلار ئاساسىدىكى تېرىقچىلىق ھاياتىنى باشلىغان مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق مۇقىملاشقان يۇرت ـ مەھەللە ئىگىلىكى ئائىلە جەمەتچىلىكى ئارىسىدىكى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇق بولۇشىنى تەقەززا قىلغان. شۇڭا ئۇيغۇرلار قوشنىدارچىلىقنى ئالاھىدە قەدىرلەيدىغان ۋە ئۇنى تۇغقانچىلىقتىنمۇ مۇھىم بىلىدىغان بىر خىل پسىخىك ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. قوشنىدارچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەركىزىي ھالقىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان كۆپلىگەن ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلەر بۇنىڭ جانلىق دەلىلى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

▲ يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ياخشى.

▲ قولۇڭ مايلاشسا، قوشناڭنىڭ ئۆتۈكىگە سۈۋا (سۈرت).

▲ قوشنام ياخشى، مەن ياخشى،
تونۇر قىزىق نان ياخشى.

▲ ئەتتىگەن قوپۇپ قوشناڭغا باق.

▲ ئارقا تېمىڭ هوللۇق بولسا
مۇشتۇمۇڭ بازغاندىن بولۇر.

▲ قوشناڭ تىنچ ـ كۆڭلۈڭ تىنچ.

▲ ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى،
يامان قوشناڭ ئۆلگەندە (ياخشى).

▲ سەھەر تۇرۇپ چېچىڭنى تارا،
تاماق ئەتسەڭ قوشناڭغا قارا.

▲ ئۆي تاللىغىچە قوشنا تاللا.

... قاتارلىق خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن.

بۇ ھەقتە 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئىككى بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى ـــ مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق شاھانە ئەسەرلىرىدىمۇ ئىبرەتلىك ۋە ھېكمەتلىك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

مەسىلەن:

1. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا:

▲ بۆرى قوشنىسىن يەمەس.
(بۆرە ئۆز قوشنىسىنى يېمەس).



(III توم، 304 ـ بەت).

▲ ئەتلى تىرناقلى ئەزىرمەس.

(ئەت تىرناقتىن ئايرىلماس). بۇ ماقال گۆش بىلەن تىرناق بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمىغاندەك، قولۇم ـ قوشنا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارمۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ
(I توم، 239 ـ بەت).

▲ سوقۇشۇپ ئۇرۇشۇر،
ئوترا تون تېتىشۇر.
(سۆكۈشۈپ «تىللىشىپ» ئۇرۇشار،
ئارىدا تون تېتىلار).

يەنى سۆكۈشۈشتىن ئۇرۇش چىقىپ ئارىدا چاپان يىرتىلىدۇ. بۇ ماقال كىشىلەرنى قوشنىلار بىلەن سۈركىلىش، تىللىشىشتىن ئۆزىنى تارتىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.
(II توم، 118 ـ بەت).

▲ ئىنىگەن ئىگرىسا، بوتۇ بوزلار.
(ھىنگان ئىگرىسا، بوتا بوزلار).

بۇ ماقال قولۇم ـ قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

2. «قۇتادغۇبىلىك»تە:

4548. ئەۋ ئالماق تىلەسە ئايىت قوشنىسىن،
يەر ئالماق تىلەسە ئايىتغىل سوۋىن.
(ئۆي ئالماق تىلەسەڭ، قوشنىغا قارا،
يەر ئالماق تىلەسەڭ، سۈيىگە قار).
«قۇتادغۇبىلىك» 945 ـ بەت.

4546. بەگلىك قوشنى قىلمايا يادغۇن ئۆگۈز،
ھىسارقا ياقىن تۇرما ئاي كۆڭلى تۈز.
(تاشار دەريا، يا بەگنىڭ بولما قوشنىسى،
يېقىن تۇرما ھىسارغا ئەقىل ئىگىسى).
(«قۇتادغۇبىلىك» 945 ـ بەت).

4554. نەگۈ تەر ئەشت كۆڭلى ئالچۇق كىشى،
كىشىلىك قىلغىل كىشىلىك تۈشى.
(كۆڭلى مۇلايىم كىشى نېمە دەيدۇ ئاڭلا:
ئادەمگەرچىلىك قىلغىن، بىر ئۆمۈر قەدەر).
(«قۇتادغۇبىلىك» 495 ـ بەت).

4570. سەزىكسىز مەنى ئاشقا ئۈندەگەنلەر،
مەن ئۈندەپ ئۇلارما ماڭا كەلگەنلەر.
(مېنى شۈبھىسىزكى، چايغا چاقىرۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قىچقارسام مەن ئۇندەپ، ئۇلارمۇ كېلۇر).

(«قۇتادغۇبىلىك»، 949 ـ بەت).

يۇقىرىقى 4548 ـ بېيىتتە «ئۆي ئالماقچى بولساڭ قوشناڭغا قارا، يەر ئالماقچى بولساڭ سۇيىگە قارا» دېگەن ھېكمەتلىك پىكىر ئالغا سۈرۈلگەن.

4546 ـ بېيىتتە بولسا، ئوبرازلىق ھالدا قوشنا تاللاشنىڭ شەرتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 4554 ـ ۋە 4570 ـ بېيىتلاردا قوشنىلار ئۆزئارا مۇلايىم بولۇش، «قول قولنى يۇيسا، قول كېلىپ يۈزنى يۇيىدۇ» دېگەندەك قوشنىلارمۇ بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇش لازىملىقى تەكىتلەنگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت ئۆلچەملىرى ھەققىدىكى كۆپلىگەن ئەسەرلەردىمۇ ۋاستىلىق ھالدا قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدا قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنداق بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە قوشنىدارچىلىق قانداق ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ كەلگەن.

1) ئائىلە ـ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ھۈجەيرىسى ۋە بۆشۈكى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ماھىيەتتە ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىرىكمىسى. ئائىلە ماھىيەتتە نىكاھ مۇناسىۋىتىدىن تەركىب تاپىدىغان بولغاچقا، نىكاھ ئائىلىلەرنىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئاساسى. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىرەر ئائىلە يېڭىدىن ئۆي سالماقچى ياكى ئەسلىدىكى ئۆيىنى قايتا ياسىماقچى بولغاندا، ئۇنى بىر چوڭ ئىش سۈپىتىدە ئالدى بىلەن ئەتراپىدىكى قولۇم ـ قوشنىلارنى يىغىپ، ئۇلارغا مەسلىھەت سالىدۇ. قوشنىلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆز ئىشى سۈپىتىدە ئۆي سالغۇچىغا پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بېرىشتىن تاشقىرى، ئەمگەك كۈچى چىقىرىپ، بىۋاستە ھەقسىز ياردەم بېرىدۇ. بولۇپمۇ يېزا ـ قىشلاقلاردا قوشنىلار ئارا بۇنداق ھەمدەملىشىش ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادەت ھېسابلىنىدۇ.

2) ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان خەلق بولۇپ، دېھقانچىلىقنىڭ پەسىل خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك. خۇددى «كۈندىن قالساڭ يىلدىن قالىسەن» دېگەندەك، تېرىم ـ يىغىم مەزگىلى دېھقانچىلىقنىڭ ئەڭ ئالدىراش پەسلى ھېسابلىنىدۇ. يەككە ئىگىلىك دەۋرىدە دېھقانچىلىقنىڭ بۇنداق ئالدىراش مەزگىللىرىدە، بولۇپمۇ تېرىش ۋە يىغىش مەزگىللىرىدە قوشنىلار ئارا



ھەمكارلىششقا موھتاج بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر يېزا ـ قىشلاقلىرىدا قوشنىلار ئارا لاپقۇتلىشىش، ھەمكارلىشىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. چۈنكى ئۆتمۈش جەمئىيەتتە ھەممە كىشىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ئەمگەك كۈچى تولۇق بولمايدۇ. بەزى يېتىم ـ يېتىسرلار، قېرى ـ چۆرى ئائىلىلەر ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ مەھەللە قوشنىلىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، بۇنداق ئاجىز قوشنىلىرىغا خالىسانە ياردەم بېرىدۇ ياكى ئۆزئارا لاپقۇتلىشىپ، تېرىش ۋە يىغىش ئىشلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تاماملىششىغا ياردەملىشىدۇ. ئەمگەك كۈچى بارلىرى ئەمگەك كۈچى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بولسا، ئۇلاغ ـ سايمانلارنى قوشنىلاردىن ئايىمايدۇ. بۇ ئىشتا «سېنىڭ ـ مېنىڭ» دەپ ئارتۇقچە ھېساب ـ كىتاب قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. ساۋابلىقنى ھەممىدىن ئەتىۋار بىلىدۇ. ئىستىخىيىلىك ھالدا قۇرۇلغان بۇنداق ھەمكارلىق تۈزۈمى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر خىل پىسخىك ئادەت تۈسىدە گەۋدىلىنىپ، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ يارقىن بەلگىسى بولۇپ قالغان.

3) توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ھەممە خەلقلەرگە ئورتاق بولغان ئەڭ چوڭ ھاياتلىق مۇراسىملىرى بولۇپ، بۇنداق پائالىيەتلەردە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇق گەۋدىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا بىرەر ئائىلىدە توي بولماقچى بولسا، توي قىلغۇچى ئائىلە ئالدى بىلەن يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە قوشنىلىرىنى خەۋەرلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوشنىلار تويغا قوپقان ئائىلىگە يېقىن تۇرۇپ، تويىنىڭ ئەمەلىي تەييارلىق ئىشلىرىدىن تارتىپ، توي ئاخىرلاشقىچە ئۆزئارا ھەمدەم بولىدۇ. توي تەييارلىق مەزگىلىدە توي قىلغۇچى ئائىلە ناھايىتى ئالدىراش بولغاچقا، ئۇلارغا تاماق

سۇنۇپ داۋاملىق هال سوراپ تۇرىدۇ. تويى بافقىنى يېزىش، تارقىتىش، تويى قازىنىنى ئېسىش، ئوتۇن - كۆمۈر تەييارلاش، سەۋزە قەلەمچە قىلىش، مېهمانلارنى كۈتۈش، يىراقتىن كەلگەن مېهمانلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش... قاتارلىق تويىنىڭ هالقىلىق خىزمەتلىرىنى قوشنىلار ئۈستىگە ئالىدۇ. هەتتا نىكاھ ئىشلىرىدىمۇ پېشقەدەم قوشنىلار هازىر بولۇپ، نىكاھنىڭ گۇۋاهچىلىرى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قوشنىلارنىڭ خالىسانە ياردىمى ۋە هەمكارلىقى ئاستىدا تويى قىلغۇچى ئائىلە تويىنىڭ ئارتۇقچە غېمىدىن خالاس بولۇپ، روهىي يۈكتىن قۇتۇلىدۇ.

ئۆلۈم - يېتىم كۆپ ۋاقىتلاردا تاسادىپىي يۈز بېرىدىغان بىر خىل پاجىئە بولغاچقا، ئۇ قوشنىلارنىڭ ياردىمىگە تېخىمۇ موهتاج. شۇڭا «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ياخشى» دېگەن بۇ هېكمەت ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرى نۇرغۇن جەريانلاردىن ئۆتىدۇ. مەهەللىدە بىرەر كىشى ئاغرىق - سىلاققا دۇچ كەلسە، قوشنىلار ئۇلارنى داۋاملىق يوقلاپ تۇرىدۇ. ناۋادا بىرەر سەۋەب بىلەن مەهەللە ئىچىدە ئۆلۈم - يېتىم يۈز بەرسە، مەرهۇم كۆز يۇمغاندىن تارتىپ، تاكى دەپنە قىلغۇچە بولغان پۈتۈن جەريانلاردا قوشنىلار چەبدەسلىك بىلەن بۇنداق ئاخىرەتلىك ئىشلاردا ئۆلۈم ئىگىسى يېنىدا هازىر بولىدۇ. هەتتا ئازارلىشىپ قالغان قوشنىلارمۇ دەپنە ئىشلىرىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ. ئۆلۈم - يېتىمنى ئىنسان ئۆمرىدىكى ئەڭ ئېغىر ئىش قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇنى ئۆز بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت دەپ هېسابلايدۇ. ئۆلۈم مەرگىلىدە ئۆلۈم يۈز بەرگەن ئائىلە بىر هەپتىگىچە ئۆز ئۆيىدە ئاش - تاماق ئېتەلمەيدۇ. شۇڭا قوشنىلار تاماق ئېتىپ بۇنداق ئائىلىدىن هال سوراپ تۇرىدۇ. ئەتىگەن - ئاخشاملار ئۆلۈم چىققان ئائىلىدىن ئايرىلماي، ئۆلۈم ئەگىلىرىگە تەسەللى بېرىپ ئۇلارنىڭ مۇسىبىتىگە ئورتاق بولىدۇ.

4) شەخسىي ئائىلە ئىشلىرىدىمۇ قوشنىدارچىلىق ئۆزىنىڭ ئاكتىپ ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان. مەسىلەن: بىرەر ئائىلىنىڭ بېشىغا تاسادىپىي ئېغىر كۈنلەر كېلىپ قالسا، ياكى ئىقتىسادىي جەهەتتە تويۇقسىز بىرەر پېشكەللىككە دۇچ كەلسە، قوشنىلار خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇلار هال سوراپ، قۇربىتىنىڭ يېتىشىچە، ئۆتنە - يېرىم قىلىپ ياردەم بېرىدۇ. هەرگىز «نېمە بولساڭ بول» دەپ تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرمايدۇ. شۇنداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ئائىلە تۇرمۇشنىڭ بۇ ئېغىر ئۆتكەللىدىن ئۆتتۈۋالغاندىن كېيىن قوشنىلىرىنىڭ ئېغىر كۈنلەردىكى ياردىمىنى ئۇنتۇماي، مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن كۆڭۈل «قەرزى»نى قايتۇرىدۇ.

شۇنداقلا يەنە مەلۇم ئائىلە ئەزاسى يىراق سەپەرگە چىقماقچى بولسا، قوشنىلار ئاقىۋول تىلەپ، هالىغا يارىشا سوۋغا تەييارلاپ ئۆزىتىپ قويىدۇ. هېچبولمىغاندا، بىر - ئىككى نان سوۋغا قىلىپ ئاقىۋول تىلەيدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلار ناننى هەممىدىن مۇقەددەس بىلىپ ئۇلۇغلايدۇ. سەپەرگە چىققاندا نان سوۋغا قىلىش ياخشى تىلەكنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ.

ئەگەر مەلۇم ئائىلىنىڭ يىراقتىن تۇغقانلىرى ياكى دوست - بۇرادەرلىرى مېهمانغا كېلىپ قالسا، قوشنىلار جەم بولۇپ، بۇ مېهمانلار بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىدۇ هەمدە قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە پەتە ئوقۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۆزئارا تۇرىدىغان مېهمانلار بولسا، قوشنىلار ئۆچرەت بىلەن ئۆيلىرىگە چاقىرىپ مېهمان قىلىدۇ. «تاپالىسا قوي ئۆلتۈرەر، تاپالمىسا بىر باش پىياز» دېگەندەك، قوشنىلار نېمە تاپسا شۇنىڭ بىلەن مېهمانلارنى كۈتۈپ، قوشنىدارچىلىق كۆڭلىنى ئىزهار قىلىشىدۇ. بۇ ياخشى ئادەت بولۇپمۇ يېزا - قىشلاقلاردا كەڭ ئومۇملاشقان.

5) ئادەتتىكى كۈنلەردە بىرەر ئائىلىدە ياخشى تاماق ئېتىلسە، نېسىۋە سۈپىتىدە قوشنىسىغا سۇنۇش، بولۇپمۇ مېۋە - چېۋىلىرى بۇرۇنراق تەييار بولغان ئائىلىلەر ئاز - كۆپ دېمەي، باش - بۇرۇننى قوشنىلىرىنىڭ ئېغىز تەگكۈزۈشىگە ئەۋەتىش، مال - ۋاران سويۇپ قالسا، قوشنىلارغا بىرەر ئاشلىق گۆش هەدىيە قىلىش، يىراق - يېقىندىكى تۇغقانلىرىدىن قۇرۇق يېمىش ياكى باشقا داستىخانلار كېلىپ قالسا، ئۇنىڭدىن قوشنىلارغا نېسىۋە كىرگۈزۈش... تەك ئادەتلەر ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملاشقان. بۇنداق نېسىۋە كىرگۈزگۈچىنىڭ تاۋىقىمۇ قوشنىلار تەرىپىدىن قۇرۇق قايتۇرۇلمايدۇ. «بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم، بولمىسا ئارىدا سۇن تاۋىقىم» دېگەندەك، بۇنداق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە بىر - بىرىنىڭ كۆڭۈل ئىزهارى هەرگىز ئۇنتۇلۇپ قالمايدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، بۇنداق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ هەممە تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىشكەن بولۇپ، ئۇ يۇرتداشلىقنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى سۈپىتىدە تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بولغان. ئەينى تارىخىي شارائىتتا قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئىتتىپاقلىق، ئۆملۈكنىڭ بىرخىل ۋاستىسى سۈپىتىدە ئۆز ئىقتىدارىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرغان. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىق ۋە ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن. كىشىلەر ئارىسىدا دوستلۇق، مېهرىبانلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۇرۇپ، ئۆزئارا ئىشىنىش ۋە چۈشىنىش ئاڭلىقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قوشنىلار بىلەن ئەپ ئۆتمىگەن كىشىلەر جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان.

دېمەك، قوشنىدارچىلىق ئۇيغۇر ئەدەپ - ئەخلاقىنىڭ بىر مۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



هم مەزمۇنى سۇپىتىدە كىشىلەر تەرىپىدىن قەدىرلەنگەن ۋە ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشكەن. شۇڭا ئۇ بىر خىل ئېسىل ئەنئەنە سۇپىتىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ، قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ باشقىچە بىر خىل شەكلى بولۇپ قالغان. قوشنىدارچىلىق مۇشۇ مەنىدە ئەڭ كەڭ ئاممىۋىلىققا ۋە ئومۇملۇققا ئىگە بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئادەت ھېسابلىنىدۇ.

لېكىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەنئەنىۋى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى بارغانسېرى سۇسلىشىپ تارايماقتا. خۇددى «ئىتلىرىنىڭ قاۋىشى، خورازلىرىنىڭ چىللىشى» ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ بىر ـ بىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمايدىغان «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» بارغانسېرى ئەدەپ كەتمەكتە. بولۇپمۇ يېزا ـ قىشلاقلارغا قارىغاندا، شەھەر، بازارلاردا بۇ ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، تام قوشنىلارمۇ بىر ـ بىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمايدىغان، ھەتتا ئۆزئارا تونۇشمايدىغان ھالەت شەكىللەنمەكتە. ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن قوشنىدارچىلىق ئادەتلىرى بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەر بىر ـ بىرىدىن ياتلىشىپ كەتمەكتە. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، قوشنىدارچىلىق ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى يوقاتماقتا. بۇ گەرچە بىر خىل تارىخىي مۇقەررەرلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بەلگىلىك ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەر مەۋجۇت. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ سەۋەبلەرنى تۆ-



ۋەندىكى نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن.

بىرىنچى، ئىچكى جەھەتتىن ئالغاندا، كىشىلەردە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ رولى ۋە قىممىتىگە بولغان چۈشەنچە ئاجىزلىشىشقا باشلىغان. كىشىلەردە ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئاڭ جەھەتتە قوشنىدارچىلىقنىڭ ئورنى تۆۋەنلەشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان روھىي كەيپىيات ئۆسۈپ قالغان.

ئىككىنچى، تاشقى جەھەتتىن ئالغاندا، بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى رىقابەت ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى، ئەمگەك رىتىمدارلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى، شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئامىللار قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىكى تاشقى سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. بۇ گەرچە جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىياتىدىكى تۇسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل يېڭى يۈزلىنىش بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئادىتى نۇقتىسىدىن توغرا قاراپ، تەرەققىيات بىلەن قوشنىدارچىلىقنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى ھەرقانداق تەرەققىيات پەقەت زامانىۋىلىششقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ناچار ئادەتلەرنى سىقىپ چىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە. تەرەققىياتقا يۆلەك بولىدىغان ئېسىل ئەنئەنىلەر تەرەققىيات بىلەن بىرلىكتە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى كېرەك. چۈنكى تەرەققىيات بىلەن ئېسىل ئادەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىددىيەت يوق. شۇڭا بۇ مۇھىم نۇقتىنى توغرا چۈشىنىپ، قوشنىدارچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئېسىل ئەنئەنىمىزدىن ۋاز كەچمەسلىكىمىز لازىم. قوشنىدارچىلىق ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئەخلاقىنىڭ يىقىلماس تۈۋرۈكى.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دىكى ئەدەبىي مىراسلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى.

2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» داستانى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى.

3. ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى.

4. ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى.

5. مۇھەممەد رېھىم: «ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى.

6. ئوسمان ئىسمائىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى.


(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



# سۋېن ھېدىن خاتىرە سارىيىدىكى ئىككى بوتۇلكا دوغ سۇ

ئەسەت سۇلايمان (پىروفېسسور، دوكتور)

*تەھرىر ئىلاۋىسى: 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ياۋروپادا بىر مەيدان «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى» كۆتۈرۈلدى. ياۋروپادىكى بىر قانچىلىغان دۆلەتلەردىن ئاۋرىل ستەيىن، سۋېن ھېدىن، ئالبېرت فون لىكوك، گۇرۇنۋېدىل، پائۇل پېلئوت، بونۋالېت، پۇرژىۋالىسكى قاتارلىق نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر دىيارىمىزغا كېلىپ، قېدىرىپ تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ نەچچە ئون يىللىق تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ياۋروپادىكى داڭلىق مۇزېيلار، كۇتۇپخانىلار ۋە ئارخىپخانىلار مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە يازما ۋەسىقىلىرى بىلەن تولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ياۋروپادا ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلىملىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.*

*شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى، دوكتور ئەسەت سۇلايمان 2003—2004 ـ يىللىرى شۋېتسىيىدىكى بىر يىللىق ئوقۇش ۋە تەتقىقاتى جەريانىدا ياۋروپا مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان يۇرتىمىزنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى كۆرۈش، يازما ۋەسىقىلەر بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ شىمالىي ياۋروپادىكى تىنچ ۋە پاراۋان دۆلەت شۋېتسىيىدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىيات، فولكلور مەدەنىيىتىگە دائىر مول ماتېرىياللار ئاپتورنىڭ تەتقىقاتىغا زور مەنبە بولدى.*

*ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ياۋروپادىكى بىر يىللىق تەتقىقاتى ۋە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ئاساسىدا «ئۆزلۈك ۋە كىملىك: ياۋروپا قىرغاقلىرىدىن مەركىزىي ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىغا قاراپ» ناملىق زور ھەجىملىك ئەسەرىنى تاماملىدى ھەمدە نەشرگە تاپشۇردى. ئاپتور بۇ ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ ياۋروپادىكى خاتىرىلىرىگە ئاساسەن، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى يۈزلىنىشى، شەرق مەدەنىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ياۋروپادا تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەردە ئۇيغۇرشۇناسلىق بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ئۇچۇرلىرى، شۇنىڭدەك ياۋروپا جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە ئارىلىقلار ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىدۇ. ئەسەر ئىلمىي بايانلار بىلەن قىزىقارلىق ۋەقەلەر ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا، ئاممىباب تىل، يېنىك رىتىم، ئىلمىي كەيپىيات ھەمدە ساياھەتنامە ئۇسلۇبىدا ئوقۇرمەنلەرگە تاپشۇرۇلىدۇ.*

*«سۋېن ھېدىن خاتىرە سارىيىدىكى ئىككى بوتۇلكا دوغ سۇ» ناملىق بۇ بۆلەك ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى كىتابىنىڭ توققۇزىنچى بابى بولۇپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئالدىن ئوقۇرمەنلەر دىققىتىگە سۇنىدۇق.*

*«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى*

يانۋارنىڭ ئاخىرلىرى ستوكھولمدا ھاۋا بىراقلا سوۋۇپ كەتتى. گۇننار ياررىڭنىڭ شەخسىي ماتېرىياللىرىنى رەتلەش ئىشىم جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ھەر كۈنى سەھەر ئۆيدىن چىقىپ ئالدىراش كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ، كرافترېفت رايونىدىكى كۆل بويىغا جايلاشقان شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ چىرايلىق بىناسىغا كەلگىنىمدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاخشامدىن بۇيانقى تىنكەندەك يالغۇزلۇقۇم نەلەرگىدۇر غايىب بولۇپ، جۇشقۇن بىر كەيپىيات ئىچىگە چۆكمەن. چۈنكى ئىنستىتۇتتىكى كۈنلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى يىراقتىكى ئانا يۇرتۇمنىڭ بۇنىڭدىن يۈز يىللار ئاۋۋالقى خاتىرىلىرىگە، ھۆججەت ـ ۋەسىقىلىرىگە شاھىد بولۇش بىلەن ئۆتىدۇ. مەن ۋەتىنىمدە ئەمەس، بەلكى ۋەتەندىن يىراقتىكى بىر يات ئەلدە تۇرۇپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك مىراسلىرىنى ئىپتىخار بىلەن ۋاراقلايمەن. ئۇلار بىلەن كۈندە ئۇچرىشىمەن، دىئالوگلىشىمەن، ئۇلارنىڭ ئۇپرىغان بەتلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان تارىخىي سىرلارنى ۋە روھ چەشمىلىرىنى قازىمەن. بەزىدە ئۆزۈمنى گويا ھازىرقى زامانغا مەنسۇپ ئەمەستەك، تاشقى دۇنيادىكى زامانىۋى ئەسلىھەلەر بىلەن جىددىي تۇرمۇش رىتىمىنىڭ مېنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقتەك، بۇنىڭدىن يۈز يىللار مۇقەددەم ستوكھولمدىن يولغا چىققان يەلكەنلىك كېمىگە چۈشۈپ، سۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بىلەن بىللە ئۇزاقتىكى قەشقەرگە كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. گۇننار ياررىڭنىڭ شەخسىي ئارخىپلىرى ماڭا ئانا يۇرتۇمنىڭ يېقىنقى زامانىدىكى ماڭا ھەم مېنىڭ ۋەتەنداشلىرىمغا تېخى ئايان بولمىغان ئىچ يۈزىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە ئىدى.

ھەر كۈندىكى ئادىتىم بويىچە بۈگۈن ئەتىگەنمۇ ئىشخانىغا كېلىپلا ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىمنى ئېچىپ خەتلىرىمگە قارىدىم. خوكان ۋالكوۋىست ئەپەندىدىن خەت كەپتۇ. ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ۋاقتى بارلىقىنى ھەمدە مېنىڭ بىلەن سۆزلەشكۈسى بار ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ۋاقت چىقىرالىسام، دەرھال شۋېتسىيە ئېتنوگرافىيە مۇزېيىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە جايلاشقان سۋېن ھېدىن فوندى جەمئىيىتىگە كېلىشىمنى ئېيتىپتۇ. مەن





دوكتور ئەسئەت سۇلايمان شۋېتسىيەدە

دەرھال خوكان ئەپەندىگە تېلېفون ئالدىم. بىز چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا كۆرۈشىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق.

ئىنستىتۇتتا چۈشكىچە ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۆيدىن تەييارلاپ ئەكىلىۋالغان تاماقىمنى ئىسسىتىپ يېدىم ـ دە، ئاپتوبۇس بىلەن يولغا چىقتىم. بىراز ماڭغاندىن كېيىن ئاپتوبۇس شەھەرنىڭ تارچۇق كوچىلىرىدىن چىقىپ، دېڭىز بويىدىكى كەڭرى ئوچۇقلۇققا چىقتى. يانۋارنىڭ سوغۇقى كۈچەيگىنىگە قارىماي بالتىق دېڭىزى يەنىلا بىر خىلدا ئۆركەشلەپ تۇراتتى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ يالىڭاچلانغان بولۇپ، ئەتراپتا بىر خىل ئۆلۈك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

بىر سائەتتىن كېيىن ستوكھولمنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى دېڭىز قولتۇقىغا يېقىن تۈزلەڭلىككە جايلاشقان شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئېتنوگرافىيە مۇزېيىغا يېتىپ باردىم. بۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا سېلىنغان، كىشىگە ستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدىغان غەربچە چىرايلىق بىنا بولۇپ، قارشى تەرىپىدە دۆلەتلىك ئاپتوموبىل مۇزېيى جايلاشقاندى. مەن كەڭرى مەيداندىن ئۆتۈپ ئېتنوگرافىيە مۇزېيىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىردىم. خوكان ئەپەندى دەرۋازىدىكى خىزمەتچى خادىمغا ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويغان بولسا كېرەك، مېنى كۆرۈپلا ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىشىمنى ئېيتتى. بۇ بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىگە ئېتنوگرافىيە مۇزېيىنىڭ كۆرگەزمە زاللىرى جايلاشقانىكەن. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ بىر تەرىپىگە «سۋېن ھېدىن فوندى جەمئىيىتى»، «سۋېن ھېدىن تەتقىقات ئورنى» ھەمدە «سۋېن ھېدىن خاتىرە سارىيى»نىڭ ئىشخانىلىرى

جايلاشقانىكەن.

سۋېن ھېدىن فوندى جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى خوكان ۋالكۇۋېست ئەپەندى مېنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى زالدا ساقلاپ تۇرغانىكەن. بىز قىزغىن كۆرۈشتۇق.

ــــئوھوي، بىز تولىمۇ تەستە يۈز كۆرۈشتۇق، سۇلايمان ئەپەندى، كەچۈرىسىز، ئۆتكەن يىلى نويابىرنىڭ ئاخىرى بىرگىت خانىم سىزنى ماڭا تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، مەن سىزگە قىزىققان ھەمدە يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ سۆھبەتلىشىش ئويىدا بولغانىدىم. ئەپسۇسكى، ۋاقىت چىقىرالمىدىم، سىز يازغان خەتنى ھىندىستاندا تۇرۇپ كۆردۇم. لېكىن جاۋاب قايتۇرالمىدىم. مانا تېخى ئۆتكەن ھەپتە ھىندىستاندىكى بىر ئايلىق تەكشۈرۈشۈمنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىشىم. سىزنى بۇياققا كېلىڭ دېيىشىمدە، بىزنىڭ ئېتنوگرافىيە مۇزېيى بىلەن سۋېن ھېدىن فوندى جەمئىيىتىمىزنى كۆرۈپ كەتسە ھەمدە بىراز سۆھبەتلەشسەك دەپ ئويلىغان،ــــ دېدى خوكان ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــــبۇ بىر ياخشى كۆرۈشۈش بولدى، خوكان ئەپەندى،ــــ دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن،ــــ سىزنىڭ ئالدىراشلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن. سۋېن ھېدىننىڭ خاتىرە سارىيىنى كۆرۈش، ئۇنىڭ قالدۇرغان زور ھەجىملىك ئەمگەكلىرىنى زىيارەت قىلىش مېنىڭ بۇ يەردىكى مۇھىم پىلانلىرىمنىڭ بىرى ئىدى. شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان كەسىپداشلىرىممۇ مېنىڭ چوقۇم سۋېن ھېدىننىڭ تارىم ئويمانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلىرى ۋە ئەمگەكلىرىنى كۆرۈپ كېلىشىمنى ئۈمىد قىلىغان. مانا بۈگۈن بۇ پۇرسەتكە ئېرىشتىم.

ــــشۇنداق، سۋېن ھېدىننىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئېكسپېدىتسىيە ھاياتى سىزنىڭ يۇرتىڭىز بىلەن زىچ باغلانغان. ئېھتىمال، يېقىنقى زاماندىن بۇيان تارىم ئويمانلىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك سىرى ۋە تەبىئىي مۇھىتى ھەققىدە سۋېن ھېدىندەك ئىچكىرىلەپ تەكشۈرگەن ياۋروپالىقلار ئاز بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە، ئاۋرېل ستەيىن، پۇرژېۋالىسكى قاتارلىقلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. سىزگە دېسەم، سۋېن ھېدىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى يېرىم ئەسىردىن بۇيان سىز ئۇيغۇرلاردىن بۇ يەرگە كەلگەن تۇنجى بىلىم ئادىمىسىز! شۇڭلاشقا ۋەزىپىڭىز تولىمۇ ئېغىرغۇ دەيمەن.

خوكان ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى مېنى قاتتىق ئويلاندۇرۇپ قويدى. مەن ئۆز ئۇستۇمدىكى مەجبۇرىيەت ۋە بۇرچنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى مۇشۇ دەقىقىلەردە تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدىم.

خوكان ئەپەندى مېنى باشلاپ ئالدى بىلەن سۋېن ھېدىن ئەسەرلىرىنىڭ ھەر خىل تىللاردىكى نەشرلىرى رەتلىك تىزىلغان كۇتۇپخانىنى زىيارەت قىلدۇردى. كۇتۇپخانا چوڭ ۋە ئازادە بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كۇتۇپخانىلىرىنى ئەسلەتتى. خوكان ئەپەندى كىتاب جاھازىلىرىدىكى قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتابلار ئارىسىدىن سۋېن ھېدىننىڭ مۇھىم كىتابلىرىنى بىرمۇ بىر ئېلىپ ماڭا كۆرسەتتى ۋە چۈشەندۈردى. كۇتۇپخانىدا سۋېن ھېدىننىڭ ھەرخىل تىللاردا نەشر قىلىنغان زور مىقداردىكى كىتابلىرىدىن سىرت، سۋېن ھېدىن ئەسەرلىرىنىڭ قوليازمىلىرى، شەخسىي خەت ـ چەكلىرى، ئىشلەتكەن قەلەملىرى ۋە باشقا شەخسىي بۇيۇملىرىمۇ قويۇلغانىدى. 20 ـ ئەسىردە ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدە يۇقىرى ئابرۇي قازانغان، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك سىرى ھەققىدە غەرب دۇنياسىغا كەڭ كۆلەمدە ئۇچۇر بەرگەن بۇ كىشىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن شەخسىي بۇيۇملىرىنى كۆرۈۋېتىپ، بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ تولىمۇ يۈزە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

كۇتۇپخانىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ياندىكى يەنە بىر زالغا چىقتۇق. بۇ جايغا سۋېن ھېدىننىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان بەش قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى جەريانىدا ئىشلەتكەن ئەسلىھەلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە باشقا خاتىرە بۇيۇملار تىزىلغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە سۋېن ھېدىننىڭ تەكلىماكاندا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىگە يول باشلىغان، ياردەملەشكەن يەرلىك كىشىلەرنىڭ خاتىرە بۇيۇملىرىــــ قولاقچا، ناسۋال، بەلۋاغ، پىچاق قاتارلىق نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. خوكان ئەپەندى ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا بۇ بۇيۇملارنى ماڭا بىرمۇ بىر چۈشەندۈردى.

ــــقاراڭ، بىزدە گەرچە سۋېن ھېدىننىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىغا دائىر بۇيۇملار ئاساسىي جەھەتتىن توپلىنىپ بۇ ھەقتە كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيىسىگە ياردەملەشكەن ۋە

www.uyghurkitap.com

يول باشلىغان يەرلىك كىشىلەر ھەققىدە ئىزدىنىشلىرىمىز
يوق دېيەرلىك، سۋېن ھېدىن ئۆز خاتىرىلىرىدە بۇ كى-
شىلەرنى «ئۈن ـ تىنسىز ياردەمچىلەر» (Silent
Helpers) دەپ ئاتىغان. ھازىر بۇ ھەقتە سىلەردە تەتقى-
قاتلار بارمۇ ـ قانداق؟

ــــ بىزدە تېخى بۇ ھەقتە ئۈنچىلىك كۆپ تەتقىقاتلار
يوق، سۋېن ھېدىننىڭ ئەسەرلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇ-
يان خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىۋاتقان بول-
سىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىش ئىمكانىيىتى بول-
مىدى. شۇنداقكەن، سۋېن ھېدىنغا ئۈن ـ تىنسىز ياردەم-
لەشكەن تارىملىق ئۇيغۇر يول باشلىغۇچىلار ھەققىدە
تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىمىز تېخىمۇ ئاز. يېقىندا
ئاڭلىسام لوپنۇر رايونىدا ئۆردەكنىڭ ھەيكىلى تىكلىنىپتۇ
دەيدۇ. لېكىن مەن تېخى بېرىپ كۆرمىدىم.

ــــ بىزمۇ ئاڭلىدۇق. ئۆردەكنىڭ ھەيكىلىنىڭ تىكلەن-
گەنلىكى ياخشى ئىشكەن، لېكىن بىزنىڭ ئېتنوگرافىيە
مۇزېيىدا ئىشلەيدىغان بىر خادىمىمىز لوپنۇرنى زىيارەت
قىلىپ كەلگەندى. ئۇ تەمىنلىگەن رەسىملەردىن كۆرسەك،
ھەيكەلنىڭ ئاستىدىكى مەرمەر تاشقا ئويۇلغان ئۇيغۇرچە
چۈشەندۈرۈشتە زور خاتالىق بار ئىكەن. خەنزۇچە خەتكە
瑞典 دەپ توغرا يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرچە
چۈشەندۈرۈشتە «شۋېتسارىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى س-
ۋېن ھېدىن» دەپ يېزىلىپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران قالدۇق.
سۋېن ھېدىننىڭ شۋېتسىيىلىك ئىكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنيا
خەلقى بەش قولدەك بىلىدىغان تۇرسا، شىنجاڭدىكى
ئۇيغۇرلار ئەجەبا ئۇنىڭ ۋەتىنىنى بىلمەسمۇ؟ شۋېتسىيە
بىلەن شۋېتسارىيە ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى دۆلەت تۇر-
سا! دەپ سوئاللار قويۇشتۇق. سىزگە دەيدىغىنىم قايتىپ
بارغاندىن كېيىن ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈشتىكى بۇ خاتا-
لىقنى تۈزىتىشكە كۈچ چىقارغان بولسىڭىز!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي بىر
ھازا تۇرۇپ قالدىم. مۇشۇ تۇرقىدا ماڭا ئاسمان ئېگىز، يەر
قاتتىق بىلىنىۋاتاتتى. بىزدىكى بىپەرۋالىق، ئەستايىدىل
بولماسلىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ مۇشۇنداق ئىنچىكە
ئىشلاردىمۇ كۆرۈلۈۋاتقانلىقى، بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى بو-
لۇش سۈپىتىم بىلەن مېنى خوكان ئەپەندىنىڭ ئالدىدا
قاتتىق تەڭلىكتە قالدۇردى.

ــــ ھە، مۇنداق دەڭ، مېنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىم

يوقكەن، تولىمۇ چوڭ خاتالىق كۆرۈلۈپتۇ، كەچۈرۈڭ!
مەن قايتىپ بارغاندا بۇ خاتالىقنى ئوڭشاشقا تىرىشىمەن.
ئۇيغۇر تىلىدا ‹شۋېتسىيە› بىلەن ‹شۋېتسارىيە› دېگەن
ئىككى دۆلەتنىڭ نامى رۇسچىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ،
تەلەپپۇزى يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا نۇرغۇن كىشىلەر
بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ نامىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەمما
خاتىرە تاشقا خاتا يېزىپ قويغانلىقى تولىمۇ بىمەنىلىك
بوپتۇ. مەن ئۇيغۇر خەلقىگە ۋاكالىتەن ئەپۇ سورايمەن! ــــ
دېدىم ناھايىتى تەڭلىكتە.

ــــ سىزنى تەڭلىكتە قويدۇم، سۇلايمان ئەپەندى،
ئەلۋەتتە بۇ سىزنىڭ خاتالىقىڭىز ئەمەس، تۈزىتىلسىلا
بولىدۇ، مەن ئەھۋالىڭلارنى بىلىمەن ــــ دېدى خوكان ئە-
پەندىمۇ مېنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتقۇزۇشقا تىرىشىپ.

خوكان ئەپەندى كۆرگەزمىدىكى بۇيۇملارنى ماڭا
كۆرسىتىۋېتىپ، يەرلىك يول باشلىغۇچىلارنىڭ سۋېن ھې-
دىننىڭ ئېكسپېدىتسىيىسى داۋامىدا ئوينىغان مۇھىم رول-
لىرىنى تىلغا ئالدى. بولۇپمۇ ئۆردەك، ئابدۇرېھىم، سادىق
قاتارلىق نامى ئۈن ـ تىنسىز ئۇنتۇلۇپ كەتكەن نەچچە
ئونلىغان يەرلىك ئۇيغۇر يول باشلىغۇچىلارنىڭ ھاياتىي
پائالىيەتلىرى، ئېكسپېدىتسىيە داۋامىدا ئوينىغان روللىرى
ھەمدە كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە بىرەر كىتاب يېزىشنىڭ
زۆرۈرلۈكىنى تىلغا ئالدى. شۇ مىنۇتلاردا بايىقى بىئاراm-
چىلىقلىرىم تارقاپ، ئېپادىلەپ بەرگۈسىز بىر خىل ھېس-
سىياتقا چۆمۈلدۈم. لوپنۇرلۇق يول باشلىغۇچىلار ۋە تارىم
ئويمانلىقىدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن يۈز يىل-
لار بۇرۇنقى تۇرمۇش بۇيۇملىرى مېنىڭ خىياللىرىمنى
قاناتلاندۇرۇپ يىراقتىكى ۋەتىنىمگە ئېلىپ كەتتى. ئۆ-
زۈمنى شىمالىي ياۋروپانىڭ بىر پايتەخت شەھىرىدە ئە-
مەس، بەلكى تارىم ئويمانلىقىدىكى بىر قەدىمىي بوستان-
لىقتا تۇرغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. مۇشۇ دەقىقىلەردە
خىياللىرىم ئوتتۇرا ئاسىيا بويلاپ كېتىپ بارغان تۆگە
كارۋىنىغا قوشۇلۇپ، ئۈپۈق سىزىقىغا قاراپ سىلجىماقتا
ئىدى. كۆز ئالدىمدا زامان ۋە ماكان پەرقلىرى غايىب
بولۇپ، ھازىرنىڭ ئۆزى ئۆتمۈش بىلەن تۇتۇشۇپ كەت-
كەندى. ئەنە، تېرە مالخىيىنى بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيىپ،
كروران شەھەر خارابىسى ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن ئۆر-
دەك؛ ئەنە، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاقساقىلى
كۈنچىقانبەگ؛ ئەنە سۋېن ھېدىن ياللىغان تۆگە ئەترىتىگە

يول باشلاپ قۇملۇق ئىچىدە كېتىپ بارغان سادىق ۋە ئابدۇرەھىم....

خوكان ئەپەندىنىڭ ئاۋازى مېنى خىياللار قاينىمىدىن ئويغاتتى. ئۇ مېنى ئىشخانىسىغا كىرىپ بىللە قەھۋە ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. بىز قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق.

ــــ سۋېن ھېدىنغا يول باشلىغان يەرلىك ئۇيغۇر يول باشلىغۇچىلار ھەققىدە مەن سۋېن ھېدىننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئىچىدىن ئوقۇغانمەن. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە سۋېن ھېدىننىڭ كروران قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى بايقىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئۆردەك ھەققىدىكى بايانلار مېنى قىزىقتۇردى. شىنجاڭدا ئۇلارغا دائىر يازما ماتېرىياللار ياكى ئەسلىمىلەر ئېلان قىلىندىمۇ؟ ئەگەردە سىلەردە بۇ ھەقتە يازما ماتېرىياللار بولسا، ھېچبولمىغاندا خەلق ئىچىدىكى ئەسلىمىلەر ساقلانغان بولسا، ئۇنى سۋېن ھېدىننىڭ خاتىرىلىرىدىكى بايانلار بىلەن قوشۇپ مۇلاھىزە قىلغاندا يول باشلىغۇچىلار ھەققىدىكى مۇكەممەل تەزكىرىنى تۈرغۇزغىلى بولاتتى!ــــ دېدى خوكان ئەپەندى قەھۋە ئىچكەچ.

ــــ مەنمۇ سۆزىڭىزنى قۇۋۋەتلەيمەن،ــــ دېدىم قىزىقىش بىلەن،ــــ ئەپسۇسكى، بۇ ھەقتە بىزدە قالدۇرۇلغان يازما خاتىرىلەر يوق دېيەرلىك. خەلق ئىچىدىكى ئەسلىمىلەر تېخى رەتلىنىپ نەشر قىلىنغىنى يوق. بىز ئۆردەك ۋە باشقا لوپنۇرلۇق يول باشلىغۇچىلارنىڭ ئىسىملىرىنى پەقەت سۋېن ھېدىننىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇچە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئاندىن بىلدۇق. مەن لوپنۇرلۇقلار ھەققىدە بىر پارچە ماقالە يازغان ① ، لېكىن بۇ ماقالەمدىكى يەرلىك لوپنۇرلۇقلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى پۈرژېۋالسكىنىڭ «لوپنۇر كۆلىگە سەپەر» ② ناملىق كىتابى بىلەن سۋېن ھېدىننىڭ «كۆچمە كۆل» ③ ناملىق كىتابىدىكى بايانلاردىن ئالغانمەن، سىزنىڭ ئويىڭىز مەندە بىر يېڭى تەسەۋۋۇرنى ئويغاتتى.

بىزنىڭ پاراڭ تېمىمىز سۋېن ھېدىننىڭ لوپنۇر رايونىدىكى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرى بىلەن يەرلىك لوپنۇرلۇقلارغا مەركەزلەشتى. بىز بۇ ھەقتە خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق.

پۈرژېۋالسكىنىڭ لوپنۇر سەپىرىدىن 20 يىل كېيىن، يەنى 1896 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تولۇپ ـ تاشقان شجائەتكە ئىگە سۋېن ھېدىن سال بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ، ئۆز دەۋرىدىكى لوپنۇر رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ئابدال كەنتىگە يېتىپ باردى، سۋېن ھېدىن ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن پۈرژېۋالسكىنىڭ لوپنۇر خاتىرىلىرىنى قانچە قېتىملار ئوقۇغان ھەمدە شەخسەن ئۆزى ئۇنى رۇسچىدىن شۋېتچىگە تەرجىمە قىلغان بولغاچقا، قېيىق ئابدال كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە چەكسىز ھاياجانغا چۆمدى. گويا ئۇزاق يىللار ئىلگىرى بارغان بىر تونۇش جايغا باشقىدىن قايتىپ كەلگەندەك ئىللىق تۇيغۇ ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئابدال كەنتىدىكى ھەممە كىشى ــــ ئەڭ ئاخىرقى ئالتە ئۆيلۈك ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ھەممىسى قىرغاققا كېلىپ سۋېن ھېدىننى قىزغىن كۈتۈۋالدى. سۋېن ھېدىنمۇ ئۆزى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاقساقىلى كۈنچىققانبەگنى يىراقتىنلا تونۇۋالدى. سۋېن ھېدىننىڭ بۇ يەرگە كېلىشى لوپنۇرلۇقلار ئۈچۈن پۈرژېۋالسكىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ ۋەقە ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى لوپنۇرلۇقلار ئۆز دەۋرىدە پۈرژېۋالسكىنى «چوڭ تۆرەم» دەپ ئاتىغان بولسا، سۋېن ھېدىننى «ھەيدىن تۆرەم» دەپ ئاتايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى سۋېن ھېدىننىڭ ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلىيەلىشى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئارىلىقنى پۈرژېۋالسكىغا قارىغاندا خېلىلا قىسقارتقانىدى.

سۋېن ھېدىن لوپنۇر رايونىدا ئۆز تەسەۋۋۇرىدىنمۇ كۆپرەك تەسىراتلارغا ئېرىشىدۇ. «كروراننىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى»، لوپنۇر ۋادىسىنىڭ تىرىك تارىخچىسى بولغان كۈنچىققانبەگ پۈتكۈل لوپنۇر رايونىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىنىڭ يېگانە گۇۋاھچىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئابدال كەنتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئالتە ئۆيلۈك لوپنۇرلۇقلارنىڭمۇ روھىي تۈۋرۈكى ئىدى. لوپنۇر رايونىنىڭ بىر ئەسىردىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلىرىنى ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك بىلمەيتتى. كۈنچىققانبەگ بولغانلىقى ئۈچۈن سۋېن ھېدىننىڭ لوپنۇرغا بولغان تۇنجى سەپىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلىشىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ياۋروپالىق بۇ مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ لوپنۇر كۆلى ۋە لوپنۇرلۇقلار بىلەن بولغان 40 يىللىق تارىخىي رىشتىسى باغلىنىدۇ.

1899 ـ يىلى، يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېيىدا سۋېن ھېدىن ئىككىنچى قېتىم لوپنۇر ۋادىسىغا قە-

دەم باسىدۇ ۋە لوپنۇر كۆلى ھەققىدە كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ چاغدا لوپنۇرلۇقلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان كۈنچىقانبەگ بىر يىل ئاۋۋال ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. دەل شۇ يىلى، يەنى 1898 ـ يىلى لوپنۇر كۆلى بويىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھاياتلىق چىرىغى ئۆچىدۇ. لوپنۇر ۋادىسىنىڭ مەمۇرىي مەركىزى بولغان ئابدال كەنتى قۇم ـ بوراننىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمى ئارقىسىدا ۋەيران بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ ئاخىرقى ئالتە ئائىلىلىك يەرلىك لوپنۇرلۇقلار كەنتنى تاشلاپ باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. كۈنچىقانبەگنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلالمىغان ئوغلى توختىئاخۇن سۋېن ھېدىننىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئەترىتىگە يول باشلىغۇچى بولىدۇ.



(1934 ـ يىلى شۋېتسىيە گېزىتىدە تونۇشتۇرۇلغان ئۇيغۇرچە گېزىت نۇسخىسى)

سۋېن ھېدىننىڭ لوپنۇر ۋادىسىغا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرى ۋە بۇ جەرياندا ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنى دۇنياۋى مەشھۇر شەخسكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا، تارىختىكى ھەقىقىي لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەسلىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە ئىكەنلىكىنى، كېيىنچە بۇ سىرلىق كۆلنىڭ بۇنىڭدىن 1600 يىل ئىلگىرى سۇ مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بىلەن قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، يېڭى لوپنۇر كۆلىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ شەرقىي قىسمىدا قايتىدىن پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ، شۇنداقلا «لوپنۇر كۆلى مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆچمە كۆل» دېگەن ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدە ئۇزاق مەزگىل بەس ـ مۇنازىرە قوزغىغان لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشلار ئاخىرلىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، سۋېن ھېدىننىڭ بۇ قېتىمقى بۈيۈك بايقىشىنىڭ ئارقىسىدا قەدىمكى كرورانلىقلارنىڭ ئەۋلادى بولغان ئۈچ نەپەر لوپنۇرلۇق يول باشلىغۇچىنىڭ تەڭداشسىز تۆھپىلىرى يوشۇرۇنغانىدى. ئۇلار كۈنچىقانبەگنىڭ ئوغلى توختىئاخۇن، ئۆردەك ۋە ئابدۇرېھىم قاتارلىق لوپنۇرلۇق يول باشلىغۇچىلار ئىدى. بولۇپمۇ، ئۆردەك بىلەن سۋېن ھېدىننىڭ مۇناسىۋىتى پەۋقۇلئاددە بولۇپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ئۇزاق يىللار داۋاملاشقانىدى. ئەڭ ئاخىرقى تىپىك لوپنۇرلۇقلارنىڭ بىرى بولغان ئۆردەك ئېكسپېدىتسىيە داۋامىدىكى بىر بورانلىق كېچىدە يىتتۈرۈپ قويغان تۆمۈر گۈرجەكنى تېپىپ كېلەمەن دەپ تاسادىپىي ھالدا مۈگدەپ ياتقان بىر شەھەر خارابىسىنى بايقايدۇ. بۇ دەل تەكلىماكان قۇملۇقى ئاستىدا ئون نەچچە ئەسىرلەپ ئۇخلىغان قەدىمكى كروران شەھىرى ئىدى! قەدىمكى كروران شەھىرىنىڭ قايتا بايقىلىشى تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيىسىنى مىسلىسىز ئۇلۇغ دەۋرگە باشلاپ كىرىدۇ. ئۆردەك — لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولغان قۇملۇقتىكى بۇ يول باشلىغۇچى — ئاشۇ قەدىمكى شەھەرنى بايقىغان چاغدا، دۇنيانىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ياۋروپا ئىلىم ساھەسىنىڭ زىلزىلىگە كې-

لىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى.

سۋېن ھېدىن بۇ قېتىمقى تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيىسىنى مول نەتىجىلەر بىلەن تاماملاپ، قەشقەردە ئاخىرقى قېتىم ئۆردەك بىلەن كۆڭلى قىيمىغان ھالدا خوشلىشىدۇ ۋە ياۋروپاغا قايتىدۇ. ئۆردەكنىڭ قەدىمكى كروران شەھەر خارابىسىنى بايقىشى سۋېن ھېدىنغا ئويلاپ باقمىغان شان ـ شەرەپلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ بىراقلا ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدىكى چولپانغا ئايلىنىدۇ.

1928 ـ يىلى سۋېن ھېدىن تۆتىنچى قېتىم چوڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىدۇ. ئۇ تۇرپاندا لوپنۇرلۇق سودىگەر توختىئاخۇندىن كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قۇرۇق دەريا ئىزىغا سۇ كەلگەنلىكى ۋە قۇم دەرياسى دەپ ئاتىلىشقا باشلىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھاياجانلىنىدۇ. چۈنكى ئەسلىدىكى قەدىمكى قۇرۇق ئېقىننىڭ ئورنىغا يېڭى دەريانىڭ پەيدا بولۇشى لوپنۇر كۆلىنىڭ يەنە ئەسلىدىكى ئورنىغا كۆچكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى! سۋېن ھېدىن دەرھال لوپنۇر ۋادىسىغا ئاتلانماقچى بولىدۇ، ئەمما ئۇرۇمچىگە يېتىپ بارغان ۋاقتىدا ياۋروپاغا قايتىش ھەققىدە جىددىي تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامالسىز قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى لوپنۇر ۋادىسىغا بېرىپ تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە قالدۇرۇپ، ئۆزى ياۋروپاغا قايتىدۇ.

1934 ـ يىلى سۋېن ھېدىن بەشىنچى قېتىم، يەنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم لوپنۇرغا سەپەر قىلىدۇ. لېكىن، بۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە قالغانىدى. سۋېن ھېدىن باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى خېيمخەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشنى باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ 70 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. بۇ قېتىملىق سەپەردە ئاللىقاچان قېرىپ بوۋاي بولۇپ قالغان ئۆردەك يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدۇ! سۋېن ھېدىن ئۆزىنىڭ «كۆچمە كۆل» ناملىق كىتابىدا بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا باش قويدى، دەريا يۈزىدىن قايتقان قىزغۇچ نۇرلار قۇمغاق ساھىلدىكى توغراق ۋە چاتقاللارنىڭ ياپراقلىرىدا ئەكس ئەتمەكتە ئىدى، قېيىقنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ پالاق ئۇرۇۋاتقان سادىق تۇيۇقسىز توۋلىۋەتتى:

ــــئۆردەك كەلدى!



ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس گۇننار ياررىڭ رەپىقىسى بىلەن

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ياۋا ئۆردەكنىڭ قايسى تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرمەكچى بولدۇم. ئەمما، كۆز ئالدىمدا ياۋا ئۆردەك ئەمەس، بەلكى قىرغاقتا ئىككى ئاتلىق كىشى ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەن دەرھال ئايرىلغىلى 30 نەچچە يىل بولغان لوپنۇرلۇق دوستۇم ئۆردەكنى تونۇدۇم. توۋا، ئۇ راستىنلا ئۆردەك ئىدى! ئۇنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان، بوي ـ بەستى مۈكچەيگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ساغلام ۋە تېمەن ئىدى.

مەن قېيىقنى قىرغاققا ھەيدەشنى بۇيرۇدۇم. ئۆردەك ئاتتىن چۈشۈپ، كېمىگە چىقتى ۋە كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان پېتى مېنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

30 يىل بۇرۇنقى ياش، تەمبەل ئۆردەك ئەمدىلىكتە قېرىغانىدى. يىللار ئۇنىڭ قاتاڭغۇر جىسمىغا ئۆزىنىڭ رەھىمسىز ئىزلىرىنى سالغانىدى. يۈزلىرىگە قورۇق چۈشكەن بولۇپ، كونىراپ رېڭى ئۆڭگەن چاپان كىيگەن، بېلىنى بەلۋاغ بىلەن باغلىغان، بېشىغا تېرە مالخاي كىيگەن ئۆردەك ماڭا ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىكى لوپنۇرلۇقلارنى ئەسلەتتى.

ــــئۆردەك، بۇنىڭدىن 32 يىل بۇرۇن بىز قەشقەردە خوشلاشقان، شۇنىڭدىن كېيىن سەن كۈنلىرىڭنى قانداق ئۆتكۈزدۈڭ؟

ــــئۆزلىرىگە خىزمەت قىلغان كۈندىن باشلاپ، ماڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

خۇدايىم رىزقىمنى بېرىپ كەلدى. يامان ئەمەس كۈن ئۆتكۈزدۈم، لېكىن ئۆزلىرىنى قايتا كۆرەلمەن دېگەن خىيالدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدىم.

— بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزنى قانداق ئۇقتۇڭ؟

— بىر ئاينىڭ ئالدىدا يېڭى كۆل تەرەپتىن كەلگەن بىرسى ماڭا ئۆزلىرىنىڭ كورلىغا كەلگەنلىكلىرىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ مەن ئۆزلىرىنى ئىزدىدىم. 32 يىل ئىلگىرى بىز قەشقەردە ئايرىلىدىغان چاغدا، ئۆزلىرى ماڭا ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتقان ئىدىلە، مەن ئۆزلىرىنى كۈتتۈم، ساقلىدىم، لېكىن قايتىپ كەلمىدىلە، ئىلگىرى ئۆزلىرىگە ئىشلىگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلۈپ كەتتى، بۈگۈن دىدار كۆرۈشتۇق، مېنىڭ كۆڭلۈم ئاخىر ئەمىن تاپتى!

ئۆردەك 1899 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ ماڭا يول باشلىغۇچى بولۇپ ئىشلىگەنىدى. ئۇ ماڭا ئەگىشىپ، يېڭى كۆلدىن چەرچەن تاتىرانغىچە بولغان تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىگە قاتناشقانىدى. 1900 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۆردەك تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، توساتتىن قەدىمكى كروران شەھەر خارابىسىنى بايقىغانىدى ۋە مېنى ئويلاپ باقمىغان مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن تەمىنلىگەنىدى. 1901 ـ يىلى تىبەت ئېگىزلىكىدىكى لاساغا قىلغان سەپىرىمگىمۇ يول باشلاپ ماڭغانىدى. تىبەت ئېگىزلىكىدىكى بىر بورانلىق كېچىدە كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئۆردەكنىڭ چېدىرىمغا ئۇسۇپ كىرىپ، مېنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ، «بىر ئادەم كەلدى، تۆرەم!» دېگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

مەن 1901 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قەشقەردە يول باشلىغۇچۇم ئۆردەك بىلەن خوشلاشقانىدىم. ئۇ مېنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا قىلغان ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىمدىكى ئەڭ سادىق بۇرادىرىم ئىدى.

مانا بۈگۈن قېيىقچى سادىقنىڭ «ئۆردەك كەلدى!» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، ئالدىمدا ماڭا قاراپ تۇرغان كونا ھەمراھىم ئۆردەكنى كۆرگىنىمدە ئۇنىڭ بىر زامانلاردا تىبەت ئېگىزلىكىدە قۇلىقىمغا ھودۇقۇش ئىچىدە پىچىرلىغان «بىر ئادەم كەلدى، تۆرەم!» دېگەن سۆزى ئېسىمگە كەلدى. يىللار بىزنى قېرىتقانىدى. بىز ئۇزاققىچە بىر ـ بىرىمىزدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ كېتىشتۇق.

ئۆردەكنىڭ قېشىدىكى يەنە بىر ئاتلىق يىگىت ئۇنىڭ ئوغلى سادىق ئىكەن. بىز قەشقەردە ئاخىرقى قېتىم ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆردەك لوپنۇرغا قايتىپ كېلىپ توي قىپتۇ. يېڭى كۆلنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى چارا دېگەن جايدا قۇمۇش ساتما تىكىپ، بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىقتا تايىنىپ ياشاپ كەپتۇ» ④ .

سۋېن ھېدىن يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۆردەك بۇ قېتىم يەنە بىزنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمىزگە قوشۇلدى. ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ بىر قانچە يىللار ئىلگىرى بىر مۇنچە شەھەر خارابىلىرىنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئۆيلەر ۋە بۇتخانىلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. بىز قىزىقىپ دەرھال ئۆردەكنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلاندۇق. لېكىن، شۇنچە ئىزدەپمۇ ھېلىقى نامەلۇم شەھەر خارابىلىرىنى تاپالمىدۇق. ئۆردەك يەنە نۇرغۇن خارابىلارنىڭ بارلىقى ھەققىدە سۆزلەيتتى ـ يۇ، ئەمما زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى. مەن شۇ چاغدىلا ئۆردەكنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ بىنورماللىقىنى، ئۇنىڭ قېرىغاندا خاتا تۇيغۇسىغا ئىشىنىپ قالىدىغان بىنورماللىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلدىم. ئۆردەك راستىنلا قېرىغانىدى! ئۇنىڭ 1900 ـ يىلىدىكى جاسارىتى ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. خاتىرىسى خېلىلا چېكىنگەن بولۇپ، خىيالىي تۇيغۇ بىلەن رېئاللىقنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

مەن شۇنداق قىلىپ، ئۆردەك بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتىم، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنى قايتا كۆرمىدىم. لېكىن بىرگەماندىن ئاڭلىسام، ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئۆتۈپتۇ. مەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىن ئايرىلىپ ئۇرۇمچىگە كەتكەندە، ئۆردەكمۇ ئەترەتتىن ئايرىلىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئەتىگەنلىكى بىر بەگنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە ئۇن، گۈرۈچ لازىملىقىنى، پۇلىنى كېيىن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بەگ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ بىر نەچچە خالتا ئۇن، گۈرۈچ بېرىپتۇ. لېكىن ئۆردەك بۇ نەرسىلەرنى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە بەرمەي ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ھېلىقى بەگ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۆردەكنى ھەپسىگە سولىتىۋېتىپتۇ.

بىچارە ئۆردەك! ئەسلىدە مەن ئۇنىڭ بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشمىگەن بولسام ياخشى بولاركەن. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ

قېتىم ماڭا بەرگەن تەسىراتى بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمەدى، بۇنى پەقەت بىزنىڭ دوستلۇقىمىز جەريانىدىكى كىچىككىنە بىر كېلىشمەسلىك دېيىشكىلا بولاتتى، خالاس. مەن مۇشۇ ئىش تۈپەيلى 1900 ـ يىلىدىكى تەكلىماكاندا ئۆردەكنىڭ ماڭا قالدۇرغان ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلىرىنى ھەرگىز، ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ كېتىشنى خالىمايمەن!...» ⑤ .

خوكان ئەپەندى بىلەن ئۆردەك ۋە باشقا يەرلىك يول باشلىغۇچىلار ھەققىدىكى پاراڭلىرىمىز تولىمۇ قىزىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئۇ پاراڭ تېمىسىنى يۆتكەپ، ئۆزلىرىنىڭ 1994 ـ يىلى، يەنى سۋېن ھېدىن تارىم ئويمانلىقىغا قەدەم قويغىنىغا 100 يىلدىن ئاشقان ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ سۋېن ھېدىننىڭ ئىزىنى بويلاپ خوتەن دەرياسىنىڭ كونا ئېقىنىنى زىيارەت قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ـــبۇ ئىككى بوتۇلكا دۇغ سۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمۇسىز؟ـــدېدى خوكان ئەپەندى ئۈستەلدىكى جاھازىدىن ئىككى بوتۇلكا سۇنى ئاۋايلاپ ئېلىپ تۇرۇپ،ـــ سىزگە سۆزلەپ بەرسەم بۇ بىر ئۇزۇن ھېكايە، 1895 ـ يىلى ئەتىيازدا سۋېن ھېدىن تەكلىماكان بويىدىكى مەكىتتىن قاسىمئاخۇن، ئىسلامباي، مۇھەممەدشاھ قاتارلىق يول باشلىغۇچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا تولۇق تەييارلىق بىلەن تەكلىماكانغا سەپەر قىلىدۇ. ئۇلار خوتەن دەرياسىنىڭ قۇرۇق ئېقىنىنى بويلاپ، تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈپ ئاخىرقى نۇقتا بولغان خوتەنگە بارماقچى بولىدۇ. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى خوتەن دەرياسىنىڭ غەربى بىلەن يەكەن دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىپايان چۆلدە يۆنىلىشتىن ئېزىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچىدىغان سۈيى تۈگەپ كېتىپ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ قۇملۇقتا يىقىلىدۇ. سۋېن ھېدىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەمراھى قاسىمئاخۇنمۇ ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ھالسىزلىنىپ ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇ قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە پاتىدۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا مېڭىشنى توختاتمايدۇ. ئاخىر خوتەن دەرياسىنىڭ قۇرۇغان ئېقىنىدا ئۆسۈپ قالغان قومۇشلۇق ئىچىدىكى بىركۆلچەكنى بايقايدۇ. كۆلچەككە ئالدىنقى يىلىدىكى كەلكۈندە يىغىلىپ قالغان سۇ سۋېن ھېدىنغا قايتا ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ. ئۇ كۆلچەكتىكى سۇنى ئىچىپ ئېسىگە كېلىۋالغاندىن كېيىن، پۇتىدىكى ئۆتۈكنى سېلىپ، ئۇنىڭغا لىق سۇ ئالىدۇ ـ دە، بىر قۇرىغان توغراق ياغىچىنى ئەپكەش قىلىپ قاسىمئاخۇننى قۇتۇلدۇرغىلى ماڭىدۇ. ئۆتۈكتىكى سۇنى ئىچىپ ئۇمۇ ئېسىگە كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ كۆلچەك ئۇلارنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. سۋېن ھېدىن ئۆز خاتىرىلىرىدە بۇ كۆلچەك ھەققىدە تولىمۇ تەسىرلىك قۇرلارنى يازىدۇ ھەمدە شۇ ۋاقىتتىكى كۆرۈنۈشلەرنى تېز سىزما قىلىپ سىزىپ قالدۇرىدۇ. كېيىنچە سۋېن ھېدىننى تەتقىق قىلغۇچىلار ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغۇچىلار خوتەن دەرياسىنىڭ قۇرىغان ئېقىنىدىكى بۇ كۆلچەكنى «ھېدىن كۆلچىكى» دەپ ئاتىشىدۇ.

1994 ـ يىلىنىڭ كەچ كۈز كۈنلىرى شۋېتسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ بىرلەشمە قېدىرىش ئەترىتى تەكلىماكانغا كىرمەكچى بولدۇق. بۇ بىرلەشمە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە شۋېتسىيە تەرەپتىن پروفېسسور ستېففان روسېن، مەن ۋە شۋېتسىيىنىڭ جۇڭگودىكى ئەلچىخانىسىدا مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان يوئاكىم ئېنۋال ئۈچەيلەن قاتناشقانىدۇق. بىز نىيىنىڭ شىمالىدىكى يارتۇڭگۇز دەرياسىنى بويلاپ قىلغان ئېكسپېدىتسىيىمىزنى تاماملىغاندىن كېيىن، خوتەن دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان قۇملۇقىنى جەنۇبىدىن شىمالغا كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىنى باشلىدۇق. بۇ سەپىرىمىز سۋېن ھېدىننىڭ بۇنىڭدىن يۈز يىل بۇرۇنقى تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئىدى. بىز سۋېن ھېدىننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى خاتىرىسىگە ئاساسەن خوتەن دەرياسىنىڭ يەكەن دەرياسى بىلەن قوشۇلىدىغان جايىغا تەخمىنەن 100 كىلومېتىرچە كېلىدىغان جايىدىكى قۇرۇق ئېقىن ئىچىدىن بىر كۆلچەكنى تاپتۇق ھەمدە بۇنى كۆپ جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئۆز دەۋرىدىكى سۋېن ھېدىننىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان كۆلچەك شۇ بولۇشى مۇمكىن دەپ جەزملەشتۈردۇق. خاتىرە ئۈچۈن ماشىنىدىكى مىنېرال سۇنى ئىچمەي ئاشۇ كۆلچەكنىڭ سۈيىنى ئىچتۇق. ئاندىن بوشاپ قالغان ئىككى دانە مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىغا كۆلچەكتىن سۇ ئالدۇق. بىز بۇ ئىككى بوتۇلكا سۇنى شۋېتسىيىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولدۇق. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمىز ئۆز ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن كورلىغا كېلىپ ئۈچ كۈن دەم ئالدۇق. بىر كۈنى كورلىدا سوۋغىلىرىمىزنى رەتلەش ئۈچۈن ھېلىقى ئىككى بوتۇلكا دۇغ سۇنى ۋاقىتلىق ئۈستەلگە قويۇپ قويغاندۇق. چۈشتە سىرتتىن قايتىپ كىرسەك ئۈستەلدە سۇ يوق،

كۈتكۈچىلەردىن سورۇشتۇرسەك، «ياتاقنى تازىلىغاندا كىرەكسىز سۇ ئوخشايدۇ دەپ ئەخلەتخانىغا تاشلىۋەتكەن ئىدۇق» دەيدۇ. شۇ هامان جىددىيلىشىپ ستېففان ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە مېهمانخانا دىرېكتورىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدۇق ھەمدە قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئىككى بوتۇلكا دۇغ سۇنى تېپىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق. كۈتكۈچىلەر ئەخلەتخانىغا كىرىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن ئىككى سائەتلەر ئىلگىرى ئەخلەت ماشىنىسىنىڭ ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان زاۋۇتقا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. بىز تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتۇق. شۇ ئارىدا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمىزنىڭ جۇڭگو تەرەپ مەسئۇلى ئەھۋالنى كورلا شەھرىنىڭ باشلىقىغا مەلۇم قىلغانلىقىنى، ھېلىقى ئىككى بوتۇلكا سۇنى چوقۇم نەدىن بولمىسا تېپىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئۇقتۇق. بۇ ئىككى بوتۇلكا سۇنىڭ مەسىلىسى شۇ ۋاقىتتا كورلىدا زور ۋەقە بولغانىدى. تەلىيىمىزگە شەھەر باشلىقىنىڭ قاتتىق بۇيرۇقى بىلەن نۇرغۇن ئادەم ئەخلەت زاۋۇتىنى ئىزدەپ ئاخىر ھېلىقى ئىككى بوتۇلكا سۇنى تېپىپ كەپتۇ. شۇندىلا ئۇھ دەپ، خاتىرجەم بولدۇق. مانا بۇ ئىككى بوتۇلكا سۇ سۋېن ھېدىن خاتىرە سارىيىدا تۇرغىلى ئون يىل بولدى، ھەر كۈنى ئۇنى كۆرسەم سۋېن ھېدىننىڭ تەكلىماكاندىكى تەۋەككۈلچىلىككە تولغان سەرگۈزەشتىلىرىنى كۆرگەندەك بولىمەن.

خوكان ئەپەندىنىڭ ھېكايىسى مېنى تولىمۇ قىزىقتۇردى. مەنمۇ بۇ ئىككى بوتۇلكا سۇنى قولۇمغا ئېلىپ سىيلاپ قويدۇم ـ دە:

ـــ بوتۇلكىنىڭ ئىچىدىكىسى تىنىق كۆلچەكتىكى دۇغ سۇ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھېكايىسى تولىمۇ تەسىرلىك ۋە قىزىقارلىق ئىكەن! ـــ دېدىم.

ۋاقىت كەچ بولۇپ كەتكەنىدى. خوكان ئەپەندى بىلەن بولغان كۆڭۈللۈك سۆھبىتىمىز ماڭا ئىنتايىن مەنىلىك تۇيۇلدى.

قايتىش ئالدىدا مەن خوكان ئەپەندىگە ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ كەلگەن يېقىندىلا نەشردىن چىققان ئۇيغۇرچە «سۋېن ھېدىن» دېگەن كىتابنى تەقدىم قىلدىم. ئۇ كىتابنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇش بولدى ھەمدە كىتابنىڭ ئىسمى، ئاپتورى، نەشر قىلىنغان ئورنى ۋە قىسقىچە مەزمۇنىنى خەلقئارا ترانسكرىپتسىيە بەلگىلىرى ھەمدە ئىنگلىزچە قىلىپ يېزىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى. مەن شۇ بويىچە يېزىپ بەردىم. خوكان ئەپەندىنىڭ كاتىپى مۇشۇ بويىچە دەرھال كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ، سۋېن ھېدىن كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابلار كاتولوگىدىن ئورۇن ئالغۇزدى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

ـــ سىزگە كۆپ رەھمەت! بىز سۋېن ھېدىننىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىشىنى ھەمدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز يۇرتىنى كۆپ كەزگەن بۇ ئۇلۇغ ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. سىز تەمىنلىگەن بۇ كىتاب سۋېن ھېدىن فوندى جەمئىيىتىگە تەقدىم قىلىنغان تۇنجى ئۇيغۇرچە كىتاب بولدى. شۇنداقلا سۋېن ھېدىننىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدىكى تۇنجى ئۇيغۇرچە كىتاب ئىكەن. گەرچە بۇ كىتابنى باشقا مىللەتتىن بولغان بىر ئاپتور يازغان ھەمدە خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلغان تەرجىمە كىتاب بولسىمۇ، لېكىن بىر ئۆمۈر تارىم ئويمانلىقى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلىغان سۋېن ھېدىننىڭ ھايات يولىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە! ـــ دېدى.

مەن مېڭىش ئالدىدا ئۇنىڭ بۇ كىتابنى كۇتۇپخانىنىڭ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان جايىغا تىزىپ قويغانلىقىنى كۆردۈم.

① ئەسەت سۇلايمان: «كۆچمە كۆل ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھايات شەجەرىسى»، «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە: ئەسەت سۇلايمان ئەسەرلىرى ـ 1»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى، 176 ـ ، 209 ـ بەتلەر.

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2005 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. يەككە باھاسى 35 يۈەن، توپ باھاسى 30 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچىلار: **ئەسقەر مەخسۇت، خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

تېلېفون: 8914609، 8177315، 4554017 (0991)

# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەر خىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، «كۈلكە ـ جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە ـ يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ ـ شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر. «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيىلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت ـ بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم ـ ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، بالىلارغا ئەقىل ـ پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2006 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز،

ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى CN65- 1130\ 1

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 _ 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 _ 60

تېلېفون نومۇرى 0991 _ 4554017

**E- mail: miras uyghur@ 126.com**

ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 30.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 5.00 يۈەن

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com

# «ماناس» ئېپوسىنىڭ جۈملە تۈزۈش قېلىپى

ئادىل جۈماتۇردى (دوكتور)

ئاغزاكى ئېپوسلار ئېيتىش ۋە ئاڭلاش ئارقىلىق ھۆ-زۇرلىنىدىغان سەنئەتتۇر. شۇڭا، بوغۇم، ۋەزىن بىلەن باغلىنىشلىق باش قاپىيە (Alliteratino)، جۈملە باش قا-پىيىسى (Head Rhyme) ① ، پارالېللىزم (Parallelism) قاتارلىق جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرى تەتقىقاتىمىزدىكى باش تارتقىلى بولمايدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

«ماناس»نىڭ قاپىيىلىرى، شۇنداقلا قېلىپلاشقان جۈملە شەكلى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ شېئىرىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرى ئۈستىدە دەس-لەپكى چۈشەنچە بېرىپ ئۆتەيلى. ھەر بىر شېئىرىي بۆلەك مەيلى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولسۇن، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى مىسرالار بەلگىلىك رىتىملار بىلەن ئۆزگىچە مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە قاپىيىلىنىش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىدۇ. «ماناس» ئېپوسى ئېيتقاقلارنىڭ ئورۇنلى-شى بىلەن ھاياتىي كۈچىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئېپوسلارنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا «ماناس»تىكى شېئىرىي بۆلەكلەر قېلىپلىشىپ قالغان قانۇنىيەتلەرگە ئۆلۈك ئەمەل قىلىپ كەتمەيدۇ. ئېپوسچىنىڭ ئورۇنداۋاتقاندىكى كەيپ-ياتى، ئېپوسنىڭ ۋەقەلىك تەرەققىياتى، ئورۇنداۋاتقاندىكى رىتىم، ئاھاڭدارلىق قاتارلىق ئامىللار شېئىرىي بۆلەكلەر-نىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ماناسچىلار-نىڭ كاللىسىدا شېئىرىي بۆلەكلەرنىڭ قېلىپ ـ فورمۇلىلە-رىمۇ مەزمۇنلارغا ئوخشاش جانلىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. «ماناس» ئېپوسىدا بىر ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش مىس-رالاردىن تۈزۈلگەن بىر قەدەر ئاددىي كۇبلېتلارنىمۇ، ئون نەچچە مىسرادىن تۈزۈلگەن كۇپلېتلارنىمۇ ئۇچرىتىمىز. بۇ خىل ئۆزگىچىلىك ئېپوسنىڭ ۋەزنىنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىشى شەكسىز.

«ماناس» ئېپوسىنىڭ شېئىرىي مىسرالىرى ئومۇمەن قىرغىزلارنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىر شەكلى بولغان يەتتە ـ سەككىز بوغۇملۇق ۋەزىنلىك مىسرالاردىن تەركىب تاپى-دۇ. ماناسنىڭ تۇنجى قېتىم 40 باتۇرنى باشلاپ ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ، سەمەرقەندتىكى قالماقلارنىڭ باشلىقى كۆكچەيگە جازا يۇرۇش قىلغاندىكى قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن بىر بۆ-لىكىگە قاراپ باقايلى:

| | | |
|---|---|---|
| ئىككى ياققا كۆز سېلىپ | eki jagin karanip | 2+2+3 |
| كۈمۈشتىن كەمەر تاقىۋېلىپ | kümüxtön kemer kurqanip | 3+2+3 |
| كۆك جالىڭ چىقتى ئاتلىنىپ | Kökjaliñ qikti attanip | 3+2+3 |
| كۈندەك يۈزى نۇر چېچىپ | kündöy beti nur qalip | 2+2+1+2 |
| ئارقىدىن قاراپ بايقىشىپ | artinan karap baykaxip | 3+2+3 |
| ئاي كۆل شىرگە تاڭ قېلىپ | Ayköl xerge tañ kalip | 2+2+1+2 |
| ئارقىسىدىن قارىسا | arkasinan karasa | 4+3 |
| ئاق يولۋاسنىڭ سىنى بار | ak jolborstun sini bar | 1+3+2+1 |
| ماڭلىيىدىن قارىسا | mañdayinan karasa | 4+3 |
| ئەجدىھانىڭ سۈرى بار | ajidaardin sürü bar | 4+2+1 |

| | | |
|---|---|---|
| تۆپىسدىن قارىسا | 4+3 | töbösünön karasa |
| ئالپ قارا قۇش تۇرى بار | 1+2+1+2+1 | Alp kara kux türü bar |
| ئاچچىقى كېلىپ ۋارقىرىسا | 3+2+3 | aquusu kelip akirsa |
| ھەيۋەتلىنىپ جارقىرىسا | 4+3 | aybattanip bakirsa |
| قىرىق بىر شىرنىڭ ئۈنى بار | 2+1+2+2+1 | kirik bir xerdin ünü bar |
| قىرغىزدىن چىققان قىرائىنىڭ | 3+2+3 | Kirgizdan qikkan kiraandin |
| سىرتقى سىنى ئاشۇنداق | 2+2+3 | tixki sini uxunday |

يۇقىرقى مىسالدىن بىز ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، مىسرالاردىكى تۇراقلار ئورۇنلىنىدالغاندا ھەر خىل بولىدۇ، لېكىن، مىسرالارنىڭ بوغۇملار سانى ئاساسىي جاھەتتىن مۇقىم بولۇپ، يەتتە، سەككىز بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ. يەتتە، سەككىز بوغۇمدىن تەركىب تاپقان قانۇنىيەتلىك تۇراقلار ئېپوستىكى كۈچلۈك رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىقنى شەكىللەندۈرۈپ، ئېپوسنىڭ ئېقىن سۇدەك راۋانلىقىنى (ئېيتىلىشىنى) كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

شېئىرىي رىتىم بىلەن سۆزلەش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەبىئىي ئىقتىدارى، يېزىق تېخى ئىجاد قىلىنمىغان چاغلاردا ئىنسانلار بوغۇم ۋە رىتىملارنىڭ ياردىمىدە ئۆز جەمەتىنىڭ، مىللىتىنىڭ تارىخىنى ساقلاپ كەلگەن. ھەر قانداق بىر تىلدىكى تاۋۇشلار چەكلىك بولغانلىقتىن، قاپىيىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىلغان. سۆزلەر تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشى ياكى تەكرارلىنىشىدىن شەكىللەنگەن.

شۇڭا ھەر قايسى تىللاردا ئۇچرايدىغان بۇ خىل تاۋۇشلارنىڭ ئوخشاشلىقى رىتىم دېيىلىدۇ. شېئىرىي جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، قاپىيە سۆزلەرنى بېرىكتۈرۈش، گۈرۈپپىلاش، باغلاش رولىنى ئوينايدۇ. «ماناس» ئېپوسى نەچچە ئەسىردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاغزاكى شېئىرىي ئەنئەنە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى رىتىم قىرغىز خەلقىنىڭ ئاغزاكى ئەنئەنىۋى خاسلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپلا قالماي، يەنە بەلگىلىك مۇرەككەپلىككىمۇ ئىگە. قىرغىز خەلقىنىڭ شېئىرىي ئەنئەنىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە كۆرە، ماناس ئېپوسىنىڭ قاپىيىلىرى تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ.

1. قاپىيىلەر مىسرالاردىكى ئورنىغا ئاساسەن، باش قاپىيە، ئىچ قاپىيە (ئارا قاپىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، رادىپ قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

2. رىتىم ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆز بىرىكمىسى، پارچىلارغا ئاساسەن ئاددىي رىتىم، مۇرەككەپ رىتىم، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

3. قاپىيىلەرنى شەكىللەندۈرگۈچى بوغۇملاردىكى سۆزلەرنىڭ ئاھاڭدارلىق دەرىجىسىگە قاراپ، توق قاپىيە، ئاچ قاپىيە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

4. قاپىيىلەر قاپىيىلىنىشىغا قاراپ، كۆپ خىل قاپىيىلىنىش ئۇسۇلىغا بۆلۈنىدۇ: مەسىلەن:

③ (AABA)؛ (ABBA)؛ (ABAB)؛ (AABBC-CDD)؛ (AAAA) «ماناس» شېئىرىي ئېپىك ئەسەر بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ رىتىمى ئۆزگىرىشچان بولۇپ، بارلىق رىتىم، قاپىيە ئالاھىدىلىكلىرىنى تېپىپ چىقىش قىيىن ئىش. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ بارلىق رىتىم، قاپىيىلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرمايمىز. پەقەت قېلىپلاشقان شېئىرىي جۈملىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بىرقانچە مىسالنىلا قىسقىچە ئانالىز قىلىپ ئۆتىمىز.

باش قاپىيە دېگىنىمىز — بىر مىسرادىكى ياكى ئوخشىمىغان مىسرالاردىكى ئىككىدىن ئارتۇق سۆزنىڭ باش تاۋۇشنىڭ بېشىدىكى سوزۇق، ئۈزۈك تاۋۇشلار ياكى سوزۇق، ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ بىرىكىشى ئوخشاش بولمىغان قاپىيىنى كۆرسىتىدۇ. ④ ئۇ سۆزلەرنىڭ قېلىپلاشقان شەكىلدە باش قاپىيە شەكىللەندۈرۈشىدىن تۈزۈلگەن رىتىم فورمۇلىسىدۇر. باش قاپىيە «ماناس» ئېپوسىنىڭ يارقىن ئۆزگىچىلىكى، شۇنداقلا قىرغىز ئاغزاكى ئەنئەنىسىنىڭ ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل جۈملە شەكلى. بىز

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى



ھېچقانچە كۆچمەيلا بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان مىساللارنى كۆرستەلەيمىز. ئالايلۇق، ماناسنىڭ دۈشمىنى قوڭۇرباي بىلەن تۇنجى ئېلىشقانلىقى ھەققىدىكى بۆلەكتىكى شېئىرىي پارچە (11 ـ مىسراسىدىن 16 ـ مىسراغىچە) باش قاپىيىگە مىسال بولالايدۇ.

| | |
|---|---|
| ئاچچىقى كېلىپ ۋارقىرىسا | aqusu kelip akirsa |
| ئالتمىش ئەرنىڭ ئۈنى بار | altimix erdin ünü bar |
| قىزىل ـ قىزىل نۇر بەتلىك | kizil qiykil nur bettüü |
| يوق ئۇنىڭدەك ھەيۋەتلىك | bendeden baxka kelbettüü |
| گۈگۈم تۇمان كۆزلىرى | küügüm tuman közdönüp |
| مايلىغان بۇغداي يۈزلىرى | maylagan buuday jüzdönüp |

يۇقىرىدىكى شېئىرىي پارچىدىن كۆرۈۋالالايمىزكى، بىرىنچى مىسرادىكى بىرىنچى، ئالتىنچى بوغۇملار، شۇنداقلا ئىككىنچى مىسرادىكى بىرىنچى بوغۇم سوزۇق تاۋۇش «a»دىن تۈزۈلگەن باش قاپىيىدۇر؛ ئىككىنچى مىسرادىكى سەككىزىنچى بوغۇم بىلەن ئۈچىنچى مىسرادىكى ئالتىنچى بوغۇم، تۆتىنچى مىسرادىكى بىرىنچى، تۆتىنچى بوغۇملار ھەممە ئالتىنچى مىسرادىكى تۆتىنچى بوغۇم ئۈزۈك تاۋۇش «b»دىن تۈزۈلگەن باش قاپىيىدۇر؛ بىرىنچى مىسرادىكى تۆتىنچى بوغۇم بىلەن ئۈچىنچى مىسرادىكى بىرىنچى بوغۇم، تۆتىنچى مىسرادىكى ئالتىنچى بوغۇم، بەشىنچى مىسرادىكى بىرىنچى بوغۇم، بەشىنچى بوغۇملار ئۈزۈك تاۋۇش «K»دىن تۈزۈلگەن باش قاپىيىدۇر. بۇنداق مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان باش قاپىيە شەكلى ئورۇندىغۇچىنىڭ شېئىرىي جۈملىلەرنىڭ ئاھاڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىشكە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئاڭلاش سېزىمىگە تەسىر قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېپوسنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. بۇنداق باش قاپىيە شەكلى ئادەتتە ئۇرغۇلۇق سۆزلەردە، بولۇپمۇ ئۇرغۇسى سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا بولغان سۆزلەردە دائىم ئۇچرايدۇ. «ماناس» ئېپوسىدا باش قاپىيە تەكرار ئۇچرايدىغان قاپىيە شەكلى، ئۇنىڭ شەكلى كۆپ خىل بولۇپ، ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە ئەپلىك. ماناسچىلار مۇشۇنداق قاپىيە ماھارەتلىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، ئىقمىلىق، ئاھاڭ گۈزەل بولغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

جۈملە باش قاپىيىسى قەدىمىي تۈركىي مىللەتلەرنىڭ شېئىرىي، نەسرىي ئەسەرلىرىدە دائىم قوللىنىدىغان بىر خىل قاپىيە شەكلى. بۇ خىل قاپىيە شەكلى ھازىرقى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شېئىرلىرىدا ئاساسەن يوقالغان، بىراق، بۇنداق قەدىمىي قاپىيە شەكلى «ماناس»تا ساقلىنىپ قالغان ۋە داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ «ماناس» ئېپوسىنىڭ ئاساسلىق قاپىيە شەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر ⑤ .

«ماناس» ئېپوسىنىڭ جۈملە باش قاپىيىسى شەكلى ئاساسەن AAAA ـ AAA ياكى A

ماناسنىڭ دۈشمىنى قوڭۇرباي بىلەن تۇنجى قېتىم جەڭگە چۈشكەندە ۋە ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشىدىكى قىياپەت تەسۋىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئىككى بۆلەك تەسۋىردىن بىز جۇسۇپ مامايىنىڭ بۇ خىل قاپىيىنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى ئېنىق بىلەلەيمىز. ماناسنىڭ دۈشمىنى قوڭۇرباي بىلەن تۇنجى ئېلىشقانىدىكى بۆلەكىنىڭ 3 ـ ، 12 ـ مىسرالىرىغىچە جۈملە باش قاپىيىسى جەمئىي ئون مىسرادا ئۇچرايدۇ. بۇ ئون مىسرادا مىرانىڭ بىرىنچى سوزۇق تاۋۇشى «a» بىلەن قاپىيىلىنىدۇ:

| | |
|---|---|
| ئاق كۆبۆتونىن يېپىنىپ | ak köbö tonun jaminip |
| ئاق يولۋاستەك ئېتىلىپ | ak jolborstoy qaminip |
| بۇيۇك تاغدەك غادىيىپ | askarluu toodoy zaliyip |
| ئاق كەلتەسى يالت ئېتىپ | Ak kelte jondo jalt etip |
| ئايدەك يۈزى نۇر چېچىپ | ayday beti jark etip |
| ئايدىن كۆلدەك مۆلدىرەپ | Aydin-köldöy meltirep |
| ئەجدىھادەك سۈرى بار | ajidaarday sürü bar |
| ئالغۇر شىردەك تۈرى بار | algir xerdin türü bar |
| ئاچچىقى كېلىپ ۋارقىرىسا | aqusu kelip akirsa |
| ئالتمىش ئەرنىڭ ئۈنى بار | altimix erdin ünü bar |

ماناس بىلەن قوڭۇربايىنىڭ ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىدىغان يەنە بىر بۆلىكىدە بىرىنچى مىسرادىن 11 ـ مىسراغىچە بولغان جۈملە باش قاپىيىسى يەتتە مىسرادا ئۇچرايدۇ، بۇ مىسرالارنىڭ باش تاۋۇشى ئوخشاشلا سوزۇق تاۋۇش «A» بىلەن قاپىيىلىنىدۇ.

| | |
|---|---|
| ئاق كەلتە دولىدا يالتىراپ | Ak kelte jondo jarkildap |
| ئاي كۆلنى كۆرگەن ئادەمزات | Ayköldü körgön adamzat |
| ھەيۋىتىدىن غالىلداپ | aybatinan kaltirap |
| ئۆتكۈر كۆزى چولپاندەك | alakar közü qolpondoy |
| ئاي قۇلىقى قالقاندەك | ay kulagi kalkanday |
| ئالتۇندىن كەمەر باغلىغان | altindan kemer kurqangan |
| ئاي يۈزىدىن نۇر بالقىغان | ayday beti nur tamgan |

يۇقىرىقى مىسرالار تىپىك جۈملە باش قاپىيە شەكلىدۇر. بىز بۇنىڭدىن كۆرۈۋالالايمىزكى، جۈملە باش قاپىيىسى تەبىئىي ماسلىشىشچانلىققا ئىگىدۇر. بەزىدە مىسرالاردىكى جۈملە باش قاپىيە شەكلى ئۇدا ئون مىسرادا ئۇچرايدۇ، بۇ، قىرغىز مىللىي شېئىرىيىتىنىڭ شېئىرىي جۈملە شەكلىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «ماناس»نىڭ جۇسۇپ ماماي نۇسخىسىدىكى «كىرىش» قىسمىنى مىسال ئالساق، قىسقىغىنە 126 مىسراسىدا باش قاپىيە 92 مىسرادا بار بولۇپ «كىرىش» قىسمىنىڭ %72تىنى ئىگىلەيدۇ ⑦ . جۈملە باش قاپىيىسى شەكلىدە ئۇرغۇمۇ باش قاپىيىگە ئوخشاش مىسرالارنىڭ بېشىدا كەلگەن.

يەنە بىر ئۆزگىچىلىك شۇكى، مەيلى باش قاپىيە بولسۇن ياكى جۈملە باش قاپىيىسى بولسۇن، ئۇلار رادىپ بىلەن بىرىكىپ كېتىدۇ. يۇقىرىدا مىسال ئالغان ئۈچ بۆلەكتە رادىپ شەكلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا:AAÜÜPP؛ PTPYYNN PPPPPPRRAR بىلەن بولغان. روشەنكى، ئۇلارنىڭ رادىپى ناھايىتى ماس كەلگەن.

ئېپوسنى ئورۇنداۋاتقاندا، يېقىملىق شېئىرىي ئاھاڭ شەكىللەندۈرۈش ئورۇندىغۇچى ئۈچۈن ئاسان ئىش ئەمەس. ئەگەر يېتەرلىك سۆز بايلىقى، سۆز قۇراشتۇرۇش ئىقتىدارى، سۆز فورمۇلىسى زاپىسى، جانلىق، ئۇچقۇر، گۈزەل تەسەۋۋۇر ۋە كۈچلۈك سۆز سەنئىتى ئىجادچانلىقى، شۇنداقلا رىتىم ۋە كۈچلۈك مۇزىكىلىق سېزىم ھەمدە ئۇلارنى ئەركىن، بىمالال ئىشلىتىش ئىقتىدارى بولمىسا، سۆزلەر گۈل گۈلگە كەلمەيدۇ. ئەگەر ئېپوسچى پەقەت قاپىيىنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنىلا قوغلاشسا، ئەسەرگە سەلبىي تەسىر ئېلىپ كېلىشى، ئەكسىچە بولسا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئاڭلاش سېزىمىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. شۇڭا «ماناس» ئېپوسىدا توق قاپىيىمۇ، ئاچ قاپىيىمۇ ئوخشاشلا بار. بۇلار قىرغىز خەلق ئېپوسىنىڭ كۈچلۈك رىتىمى بىلەن يېقىملىق ئاھاڭىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر قەدەر ئەركىن قاپىيە شەكلىدۇر.

جۈملە قۇرۇلمىسى ئوخشاش، رىتىمى ئوخشىشىدىغان، مەنىلىرى چېپىسلىشىدىغان، ئۆزئارا ئەنئەنىۋى مۇناسىۋىتى بار بولغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق شېئىرىي بۆلەكلەر ياكى شېئىرىي مىسرالار ئېپوس ئورۇندىلىۋاتقاندا، دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ ھەمدە بەلگىلىك تەرتىپتە ئۆزگىرىپمۇ تۇرىدۇ. بۇلار ئېپوس جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئېپوس جۈملە فورمۇلىسىنىڭ يەنە بىر ئىپادىلىنىش شەكلى پاراللېلىزمدۇر، پاراللېلىزم بەزىدە «پاراللېل قۇرۇلما»، «پاراللېلىق قائىدىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، مەنىسى، ئوقۇلۇشى، جۈملە قۇرۇلمىسى ئوخشايدىغان ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان بۆلەكلەر، شېئىرىي پارچىلار، شېئىرىي مىسرالار قاتارلىقلارنىڭ ئېپوستا تەكرارلىنىشىدۇر. يەنى پاراللېلىزمنىڭ ئاچقۇچلۇق ئالاھىدىلىكى جۈملە تۈزۈلۈشىدە ئىپادىلىنىدۇ. پاراللېلىقنى ھاسىل قىلالايدىغان مىسرالار ئاز دېگەندە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق بۆلەكلەردە ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئىماك، مېتافورا، سۆز مەنىسى، شۇنداقلا جۈملە قۇرۇلما قائىدىلىرى جەھەتلەردە سېلىشتۇرۇشما بولىدۇ ⑧ . ئۇنىڭ رولىدىن قارىغاندىمۇ، پاراللېل قۇرۇلمىلارنىڭ ئۆزگەرمەس ئاساسىي ئامىللىرى ۋە قۇرۇلمىلىق قائىدىلىرى ئاساسەن مۇقىملاشقان ئەنئەنىۋى ئەسەرلەرنى ئورۇندىغاندا، ئورۇندىغۇچىنىڭ ئەستە تۇتۇشىغا ياردىمى تېگىپ، ئەسەرنىڭ راۋانلىقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئۇ، مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن، قېلىپلاشقان قائىدىلەردىن ھالقىپ كەتكەن سۆزلەرنى ئەركىن ئىشلىتىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۈنۈملۈك قورالدۇر ⑨ .

پاراللېل قۇرۇلما تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئاغزاكى ھەمدە يازما شېئىرلىرىدا كەڭ قوللىنىدىغان ناھايىتى قەدىمىي ئەنئەنىۋى شېئىرىي قۇرۇلمىدۇر. يېنىسەي دەرياسى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئورخۇن دەريا بويلىرىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا تېپىلغان مىلادىيە 8 ـ ئەسىرگە تەۋە مەڭگۈ تاشلاردىن ھەمدە 11 ـ ئەسىردىكى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئاغزاكى ئېپوسلىرىدىكى ئەنئەنىلەردىن، تۈركىي مىلەتلەرنىڭ يازما شېئىرلىرىدىن بىز پاراللېللىق قۇرۇلمىلارنى ئۇچرىتىمىز ⑩ .

قىرغىز خەلقىنىڭ ئاغزاكى ئەنئەنىلىرىدە، بولۇپمۇ «ماناس» ئېپوسىدا پاراللېللىق شەكلى ئەڭ مۇھىم جۈملە تۈزۈش قېلىپ قۇرۇلمىلىرىنىڭ بىرى. ئېپوستىكى پاراللېللىق شەكلىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار ناھايىتى مول، شەكلى ناھايىتى كۆپ خىل ۋە رەڭدار، ئەمما بىز «ماناس» ئېپوسىدىكى كۆپ خىل، مۇرەككەپ پاراللېللىق قۇرۇلمىلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ ئولتۇرمايمىز، بۇنداق قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، يۇقىرىدا مىسال ئېلىپ ئۆتكەن جۇسۇپ ماماي نۇسخىدىكى شېئىرىي پارچىلاردىن بىر قانچىنى ئاددىي تەھلىل قىلىپ ئۆتەيلى.

جۇسۇپ ماماي نۇسخىسىنىڭ 5 ـ باب، 3 ـ پاراگرافىدا قانىكەيىنى تەسۋىرلىگەن شېئىرىي پارچىسىدا پاراللېللىق قۇرۇلما:

| | |
|---|---|
| ئالتۇندىن قىلغان چوڭ سۆيكۆ | altindan kilgan qoñ söykö |
| مۈرىسىدە يالتىراپ | akirekte jarkildap |
| مارجاندىن تاققان چاچ مۇنچاق | xurudan takkan qaq monqok |
| سۆڭگۈچىدە شارىلداپ | may soruda xarkildap |

بۇ ناھايىتى پۇختا پاراللېلىق قۇرۇلما شەكلى. 1 ـ مىسرا بىلەن 3 ـ مىسرالار «سۆيەت 1 + سۆيەت 2 + ئىسىم» دىن شەكىللەنگەن فورمۇلا، بوغۇملار گۇرۇپپىسى «3 + 2 + 1 + 2» ئۇسۇلىدا كەلگەن، بوغۇملار ئۆزئارا ماسلاشقان ئىككى مىسرادىكى 3 ـ ، 5 ـ ، 6 ـ بوغۇملار ئايرىم ـ ئايرىم « dan- »، «gan»، «qon»، «dan»، «kan»، «qaq» قاتارلىق بوغۇملار ئىنتايىن ماسلاشقان مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن. 2 ـ ، 4 ـ مىسرالار گەرچە بوغۇملارنىڭ گۇرۇپپىلىنىشى جەھەتتىن ئايرىم ـ ئايرىم «3 + 4»،«1 + 3 + 3» ئۇسۇللىرىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن 4 ـ بوغۇمى «te»،«da» ئىگىلىك كېلىشتە كېلىپ ۋەزىن جەھەتتە ماسلىشىشچانلىقنى شەكىللەندۈرگەن، ئىككى مىسراسى « jarkildap»، «xarkildap» بىلەن ئاخىرلىشىپ پۈتۈنلەي ئوخشاش پېئىللار بىلەن ئاخىرلىشىش شېئىرىي جۈملىنىڭ تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىپ، ئاھاڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان.

| | |
|---|---|
| كۈگۈم تۇمان كۆزلىرى | kügüm tuman közdönüp |
| مايلىغان بۇغداي يۈزلىرى | maylagan buuday jüzdönüp |

| | |
|---|---|
| ئاق ئالبارس ياندا زىڭىلداپ | Aq albars janda kiñgirap |
| ئايبالتا بېلىدە پارقىراپ | Aybalta belde ziñgirap |

يۇقىرىدىكى ئىككى بۆلەك تەڭداش كەلگەن پاراللېلىزىملىق قۇرۇلما تىپىك ئادەتتىن تاشقىرى مۇقىملاشقان جۈملە قۇرۇلمىسىدۇر. ئۇلار بوغۇم، رىتىم جەھەتتىن بىر ـ بىرى بىلەن ماسلىشىپلا قالماي، يەنە گىرامماتىكا قۇرۇلمىسى جەھەتتىنمۇ ھېچقانداق پەرق يوق بولۇپ، «ماناس» ئېپوسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل قېلىپلاشقان پاراللېللىق قۇرۇلمىدۇر.

| | |
|---|---|
| ئەجدىھادەك سۈرى بار | ajidaarday sürü bar |
| ئالغۇر شىردەك تۈرى بار | algir xerdin türü bar |
| ئاچچىق كېلىپ ۋارقىرسا | aqusu kelip akirsa |
| ئالتىمىش ئەرنىڭ ئۈنى بار | altimix erdin ünü bar |

بۇ پاراللېلىزىم مەنىسىدىن تەدرىجىي كۈچىيىش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، رىتىم جەھەتتىن پۇختا بولغان جۈملە باش قاپىيىسى «AAAA» بىلەن ئاخىرقى قاپىيە «CCDC»نى قوللىنىپ، جۈملە شەكلى بىلەن رىتىم ناھايىتى ماسلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. 1 ـ مىسرا بىلەن 2 ـ مىسرالار بىر خىل تەڭداش مۇناسىۋەتتە بولۇپ، پېئىل تولدۇرغۇچى قۇرۇلما ئارقىلىق 4 ـ مىسراسىنى گەۋدىلەندۈرگەن، مەزمۇن جەھەتتىن ئالدىنقى 1 ـ ، 2 ـ مىسرالىرى بىلەن كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلىپ ئۆزئارا ماسلىشىپ كەلگەن.

يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان ماناس كۆكتەي ئېلىشىدىغان

شېئىرىي پارچىنىڭ 16 ـ ، 21 ـ مىسرالىرىغىچە بولغان ئالتە مىسرا مۇرەككەپ پارالېلىزملىق قۇرۇلمىدۇر:

| | |
|---|---|
| ئالتۇندىن كەمەر باغلىغان | altindan kemer kurqangan |
| ئاي يۈزىدىن نۇر بالقىغان | ayday beti nur tamgan |
| كۆرگەن ئادەم تاڭ قالغان | körgön adam tañ kalgan |
| گۆھەردىن كەمەر باغلىغان | göhardan kemer kurqangan |
| كۈندەك يۈزى نۇرلانغان | kündöy beti nurlangan |
| كۆرسەم دەپ كىشى مۇڭلانغان | körsöm dep kixi muñkangan |

ئالدىنقى ئۈچ مىسراسى بىلەن كېيىنكى ئۈچ مىسراسى رىتىم جەھەتتىن جۈملە باش قاپىيىسى، ئاخىر قاپىيە، شۇنداقلا باش قاپىيە ئۇسۇلى بىلەن ماسلاشقان بولۇپ، مەزمۇنلار ئۆزئارا جىپسىلىشىپ كەلگەن تىپىك پارالېللىق قۇرۇلمىدۇر. 1 ـ مىسرانىڭ بېشىدىكى سۆپەت «altindan ئالتۇندىن» بىلەن 4 ـ مىسرادىكى «gohardan گۆھەردىن» دېگەن ئىككى سۆز، 2 ـ مىسرادىكى «ayday ـ ئايدەك» بىلەن 5 ـ مىسرادىكى «kondoy ـ كۈندەك» بىر ـ بىرى بىلەن ماسلىشىدۇ، 3 ـ مىسرا بىلەن 6 ـ مىسرا مەنە جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىدۇ.

يۇقىرىدىكى پارالېلىزمدىن باشقا، «ماناس» ئېپوسىدا شېئىرىي رىتىم بىلەن بىرىكىپ كەتكەن ئۇدا بىر قانچە مىسرالاردا كېلىپ، تەدرىجىي كۈچىيىپ بارىدىغان پارالېللىق قۇرۇلمىمۇ بار. بۇ خىل پارالېلىزم كۆپ ھاللاردا ئاخىر قاپىيە، ئىچ قاپىيە ۋە جۈملە باش قاپىيىلىرى بىلەن ماسلىشىدۇ، بەزىدە مەزمۇن جەھەتتىن ماسلىشىدۇ. تۆۋەندىكى شېئىرىي پارچە تىپىك ئۇدا قاپىيىدە كەلگەن پارالېلىزم شەكلىدۇر:

| | |
|---|---|
| ھەرىنىڭ كۈچى بال بىلەن | arunun küqü bal menen |
| ئايىمنىڭ كۈچى خان بىلەن | ayımdın küqü han menen |
| خاننىڭ كۈچى ئەل بىلەن | handin küqü el menen |
| خوتۇننىڭ كۈچى ئەر بىلەن | katindin küqü er menen |
| قىياننىڭ كۈچى سەل بىلەن | kiyandin küqü sel menen |
| بۇلۇتنىڭ كۈچى يەل بىلەن | buluttun küqü jel menen |
| تۇلپارنىڭ كۈچى يەم بىلەن | budandin küqü jem menen |
| دۇدۇلنىڭ كۈچى تەر بىلەن | kulüktün küqü ter menen |
| گۇرۇچنىڭ كۈچى دەم بىلەن | kürüqtün küqü dem menen |
| دېھقاننىڭ كۈچى يەر بىلەن | diykandin küqu jer menen |

بىر قاتار تەڭداش جۈملىلەر، پۇختا بەل قاپىيە، ئاخىرقى قاپىيە شەكىللىرى ئېپوسچىلارنى ھېچقانداق قىيىنالمايلا ئىلگىرىلا بار بولغان قېلىپلارغا سېلىپلا «ماناس»نى كۆكتە ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلاردەك، دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان دېڭىز سۈيىدەك داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. بۇنداق ئۇدا قاپىيىلىك قۇرۇلما بىلەن رىتىم زىچ بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەگەر شېئىرىي رىتىملارنىڭ ئۇيغۇنلۇقى بولمىسا، بۇ خىل پارالېلىزم ئورۇنداش جەريانىدا ماسلاشماي قالىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىماگلار ئۆزئارا ماسلىشىپ تەڭداشلىقنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىز ئېپوسچىلارنىڭ ئورۇنداۋاتقاندىكى ياكى يېزىققا ئېلىنغان ھەقىقىي يازمىلاردىن پارالېلىزمنىڭ شەكسىز ئېپوسچىلارنىڭ نەق مەيدان ئىجادىيىتىدىكى جانلىق قورالى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇ ئاغزاكى ئەنئەنىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىنتايىن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. گەرچە يازما شېئىرلاردا پارالېلىزمنىڭ قوللىنىلىشى كەم بولمىسىمۇ، ئەمما پارالېلىزم دائىم ئۇچرايدىغان ئاغزاكى ئورۇنداشتا مۇھىم جۈملە تۈزۈلۈشى ھادىسىسى بولۇپ، ئاساسلىق رولى ئېپوسچىلارنىڭ نەق مەيدان ئىجادىيىتىگە ياردەم بېرىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «ماناس» ئاغزاكى ئورۇندىلىدىغان ئېپوس بولۇپ، ئۇنىڭ فورمۇلىسى ۋە جۈملە تۈزۈلۈشى تۇرغۇسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن فورمىلىنى ئاساس قىلغان ئالاھىدە «گراماتىكا»سى، يەنى شېئىر قۇراشتۇرۇش قائىدىسى بار. بۇ خىل «گراماتىكا» فورمۇلالاشقان، شۇنداقلا كەڭ ئىشلىتىشچانلىقا ئىگىدۇر. بۇ خىل ئىشلىتىشچانلىقنى ئاڭلىغۇچىلاردىن كۆرە، ئېيتقۇچىلار بەكرەك ھېس قىلالايدۇ. ئەنئەنىۋى چەكلىمىلەر ئىچىدە ئەنئەنىۋى رىتىم، ئەنئەنىۋى تاۋۇشلار، سۆز، مىسرالارغا تايىنىپ، ئاڭلىغۇچىلار ئالدىدا تېزلىك بىلەن ئۆز «ئەسەر»لىرىنى يارىتىدۇ. ئورۇندىغۇچىلار ئەنئەنىگە تىنىپ كەتكەن، شۇنداقلا ئۇلار ئالاھىدە ئىلھامبەخش سۆزلەر ۋە شەكىللەردىن پايدىلىنىدۇ ھەمدە ئۇلارنى تەكرار قوللىنىدۇ. بۇ خۇددى لودې ئېيتقاندەك «فورمۇلىنىڭ يادرولۇق ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇ ئېيتقۇچىلارنىڭ ئىگىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ شېئىرنى

توقۇش جەريانىدىكى تېزلىك بىلەن ئەسەر ئىجاد قىلىش ئىنكاس پائالىيىتىدۇر. شۇڭا كېيىسپ ئېپىتالايمىزكى، ئەسەر يارىتىۋاتقان ئېپوسچىنىڭ ئېڭىدا فورمۇلا ئۆزىنىڭ مەركىزىي رولىنى يوقىتىپلا قالماستىن، ئېستىپتىك رولىنىمۇ يوقىتىشى مۇمكىن» (12). تېزلىك بىلەن مىسرالارنى قۇراشتۇرغاندا، ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان ئىسمىي سۈپەتلەر پەقەتلا بېزەش، تۇراق ـ ۋەزىن جەھەتلەردىن قۇلايلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ھەتتا بەلگىلىك ئىپتىدائىي ئەپسانە ۋە مۇراسىملارنىڭ سىمۋوللۇق ئەھمىيىتىنى يوقاتماي ساقلاپ قالغان. قەدىمدىكى ئاڭلىغۇچىلار نىسبەتەن، فورمۇلىنىڭ سىمۋوللۇق رولى ئالاھىدە رىتىم، شەكىللەر ئارقىلىق ھېكايە ئېيتىش، ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش سېھرىي ماھارەتكە تەۋە بولۇپ، ئىلاھىي روھلارنىڭ ياردىمىدە ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا ئېپوسچىلار بۇ مۇقەددەس بۇرۇچنى ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارمۇ ئىلاھلىق خىسلەتكە ئىگىدۇر. «شۇڭا ئەنئەنىۋى ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ يىلتىزى سەنئەت ئەمەس، بەلكى دىندۇر» ⑬.

ئىزاھلار:

①باش قاپىيە بىلەن جۈملە باش قاپىيىسى ئاسانلا ئارىلىشىپ كېتىدىغان مەسىلە، بۇنى ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز لازىم. «دۇنيا شېئىرىيەت قامۇسى» (شەنشى خەلق نەشرىياتى، شىئەن، 1999) دا: باش قاپىيە دېگىنىمىز —— بىر مىسرادىكى ياكى ئوخشىمىغان مىسرالاردىكى ئىككىدىن ئارتۇق سۆزنىڭ باش تاۋۇشىنىڭ بېشىدىكى سوزۇق، ئۈزۈك تاۋۇشلار ياكى سوزۇق، ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ بىرىكىشى ئوخشاش بولغان قاپىيىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن. بىز بۇ يەردە تىلغا ئالغان «جۈملە باش قاپىيىسى» بولسا ھەر بىر شېئىرىي مىسرالارنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنىڭ ئوخشاشلىقىنى كۆرسىتىدۇ، باش قاپىيە بىلەن ئېنىق پەرقلىنىدۇ.

②ۋىكو (ئىتالىيە): «يېڭى ئىلىم ـ پەن»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1986 يىل نەشرى، 432 ـ بەت.

③ لاڭ يىلى: «‹ماناس› توغرىسىدا»، 321 ـ بەت؛ «‹ماناس› قامۇسى» ئىككىنچى قىسىم، 308 ، 309 ـ بەت.

④ «دۇنيا شېئىرىيەت قامۇسى»، شەنشى خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى، شىئەن.

⑤لاڭ يىلى: «‹ماناس› توغرىسىدا» 321 ـ بەت.

⑥ئېپوسنىڭ باش قەھرىمانى ماناسنىڭ مىلتىقى

⑦ «ماناس» بىرىنچى توم، بىرىنچى قىسىم، 1 ـ ، 7 ـ بەت: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل قىرغىزچە نەشرى.

⑧ چۆركچىن: «ئاغزاكى ئېپوسشۇناسلىق: رەنپىلې ‹جاڭگىر› نىڭ جۈملە تۈزۈلۈشى قېلىپى تەتقىقاتى» 193 ـ بەت.

⑨ رىچارت باۋمىن: «ئورۇنداۋاتقاندىكى تىل گۈزەللىكى» 1984 ـ يىلى ۋاكلەند نەشرىياتى، 18 ـ ،19، بەت تەرجىمىسى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق قوشما سانى 68 ـ بەت.

⑩ كارل رېيچىل: «تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئاغزاكى ئېپىك شېئىرلىرى: ئەنئەنىلەر، قېلىپلار، شېئىرىي قۇرۇلمىلار» گارلەند نەشرىياتى، نيۇ يورك ۋە ئەنگلىيە، 178 ـ 181 ـ بەتلەر.

⑪«ماناس» جۇسۇپ ماماي نۇسخىسى، شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى نەشر قىلغان قىرغىزچە ئىچكى ماتېرىيالنىڭ ئىككىنچى قىسمى 99 ـ ، 100 ـ بەتلەر.

⑫لودې: «ئېيتقاقلار» (ئىنگلىزچىدىن يىن خۇبىن تەرجىمىسى).

⑬ يۇقىرىقى كىتاب 54 ـ بەت.



ئادىل جۇما تۇردۇ، قىرغىز، 1964 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاقچى ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1986 ـ يىلى شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتى ئىنگلىز تىلى كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1986 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىدا چەت ئەل تىلى كافېدراسىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. 1990 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغا قەدەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە «ماناس» ئېپوسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. قىرغىز خەلق ئەدەبىياتى، فولكلورى بويىچە تەتقىقات ۋە تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغان.

2001 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلغا قەدەر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دوكتورلار يۇرتىدا ئوقۇپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

2005 ـ يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ شىمالدىكى مىللەتلەر تەتقىقات ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ كاندىدات تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

**خەنزۇچىدىن يۈسۈپ ئىسھاق تەرجىمىسى**



# روسىيە خاتىرىلىرى

**ئارسلان تالىپ**

مېنىڭ نەزەرىمدە سەپەر ھېسسىيات ئۇندۇرمىسى، سەپەر ھاسىلات خالتىسى، سەپەردە ئۇچراتقان ھەرقانداق بىر شەيئى ساڭا يېڭىچە ھېسسىيات ــ ئىلھام بېرىشى مۇمكىن. ماڭا ئۆيۈمدىن ئىشخانىغا بېرىشىمۇ ئوخشاشلا سەپەر، يولغا چىقىمەن، قانات يايغان ھېسسىياتىم قۇتراشقا باشلايدۇ. پىلانلاپ يۈرگەن ئەسىرىمدىكى بىغەم پېرسوناژلىرىم مېنى چۆرگىلەشكە باشلايدۇ. ئۇلارنى جايى ــ جايىغا قويۇش ئۈچۈن بوشلۇق ئىزدەيمەن. بەزىدە مەن ئۇلارغا ئاچچىقلايمەن، بەزىدە ئۇلار ماڭا ھۈرپىيىدۇ. ئۇنداق چاغلاردا بىز ئۇرۇشۇپمۇ قالىمىز. ئاچچىقىمدا ئاۋازىم سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ ــ دە، چۆچۈيمەن، ئۆزۈمنىڭ سەپەر ئۈستىدە ئىكەنلىكىم يادىمغا كېلىپ، ئىككى ياققا ئەندىكىپ قاراپ قويىمەن.

ــ يازغۇچى دېگەننىڭ بىر ۋىنتىسى كەم ياكى ئارتۇق دېيىشىدىكەن، ــ دېدى ئۆزىنى بىلەرمەن ساناپ ماختىنىپ يۈرىدىغان بىرەيلەن، ــ شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مىجەزلىرى غەلىتە بولىدىكەن. شۇنداق، سىلەر يازغۇچىلار ھەقىقەتەن غەلىتە ئىكەنسىلەر.

بىرەر ۋىنتىسى كەم دېسەڭ ئىشەنمەيمەن. چۈنكى ۋىنتىسى كەم ئادەم قەلەم تۇتۇش تۇرماق، ئوڭلاپ قەغەزمۇ قاتلىيالمايدۇ. لېكىن، بىر ۋىنتىسى ئارتۇق دېسەڭ خاتالاشمايسەن. چۈنكى يازغۇچى دېگەن جەمئىيەتنىڭ، خەلقنىڭ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ غېمىنى يەپ، يۈرىكىنى بىھۇدە ئازارغا توشقۇزۇپ يۈرىدىغان خەق. ناھەقچىلىككە چىدىمايدۇ، ياخشىلىقتىن ئوڭايلا ھاياجانلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئوڭايلا زېدە بولىدىغان بولغاچقا، ئاشۇنداق غەلىتىلىشىپ قالىدۇ. ئۆزىگە مۇشۇنداق بىھۇدە يۈك ئارتىۋېلىپ مۈكچىيىپ كەتكەن ئادەملەرنى ھاقارەتلەشتىن ئۇيالمامسەن؟

گەپ قىلىۋاتقان چېغىمدا ئارتۇق ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولسام كېرەك، ئۇ گېپىم ئاخىرلاشقاندا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. بەلكىم ئۇنىڭمۇ شۇ تاپتا مىجەزى غەلىتىلىشىپ قالدىغۇ دەيمەن.

دېمەك، سەپەر ئۈستىدە ساڭا خۇشاللىق ھەم خاپىلىق ئوخشاشلا ئەگىشىدۇ.

ھاياتلىقنىڭ ئۆزىمۇ كەلمەس بىلەن كەتمەس ئارىسىدىكى سەپەر. سەپەرگە ئايلانغان ھايات، سەپەرگە باغلانغان ھېسسىيات، سەپەردە تۇرەلگەن ئىلھاملارغا بىر ئۆمۈر ئەرمەك بولۇپ ئۆتىسەن جاھاندىن.

ھايات مۇساپەمنى ۋاراقلاپ باقسام ئۆمرۈم سەپەرگە باغلىنىپ، سەپەرلىرىم ھاياتىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، تۇرمۇشۇمنىڭ يەنە بىر رىتىملىق كۈيىنى جاراڭلىتىپ كەپتۇ. سەپەردىكى ھاسىلات، سەپەردىكى پىكىر، سەپەردىكى سەپەرداشلار، ئىجادىيەت سەپىرىمدىكى ئىزدىنىشلىرىم ئارىسىغا يۆگىشىپ، تۈگىمەس خىياللىرىم بىلەن زەنجىرسىمان چىرمىشىپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



چۈش يېرىم بېشارەت، دېگەن سۆزگە ئىشىنىپ، چۈشلىرىمدىكى ۋەقەلىكلەرنى ئوڭۇمدا تەسەۋۋۇر قىلىپ كېلىۋاتقىنىمغا نۇرغۇن يىللار بوپتۇ. بۇنىڭدىن 25 يىل ئىلگىرى سەھەردە كۆرگەن بىر خاسىيەتلىك چۈش مېنىڭ هايات مۇساپەمنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بېشارەت بەرگەن كۈندىن باشلاپ، ئوڭۇمدىكى خىياللىرىمنىڭ، شۇنداقلا هاياتىمنىڭ داۋامىنى چۈشلىرىمگە باغلاپ، چۈشلىرىمنى هاياتىمنىڭ رىتىملىرى ئارىسىدىن ئىزدەپ كېلىۋاتقىنىمنى سېزىپ تۇرىمەن. لېكىن، هەر كۈنى كۆرگەن چۈشۈڭنىڭ ئوڭۇڭدا داۋاملىششى ناتايىن. تۇرمۇش رىتىممىزدىكى ئۆزگىرىشچان تېزلىك، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ساپ، ساددا يېقىنچىلىقلارنىڭ ئورنىنى ئالغان سۈنئىي ـ ياسالما هەرىكەتلەرنىڭ مېڭەمىزنى تورمۇزلىشى سەۋەبلىك چۈشلىرىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئەمما، كۆپ هاللاردا سەھەردىكى چۈشۈمگە گۇمانلانمايمەن. چۈنكى، سەھەر ــ بىر كۈنلۈك سەپەرنىڭ باشلانمىسىلا ئەمەس، بەلكى كېچىچە قالايمىقانلاشقان چۈشلەر ئارىسىدە چىڭقالغان نېرۋىلارنىڭ نورمال هالىتىگە قايتقان ئالتۇن چاغلىرى. دەل ئاشۇ ئالتۇن چاغ سېنىڭ ئۈچىنچى سەزگۈڭنى غىدىقلاپ، كەلمىش ـ كەتمىشلىرىڭگە بېشارەت بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن ئون ئاي ئىلگىرى سەھەردە ئەنە شۇنداق بېشارەت خاراكتېرلىك چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ئۆزۈم يالغۇز مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە زىيارەتتە بولۇۋېتىپتىمەن. ماڭا تونۇش كوچىلار بىر ـ بىرلەپ ئالدىمدىن ئۆتكۈدەك. بەزىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مەزگىلىدە نەشردىن چىققان كىتابلاردىكى قەھرىمانلارغا ئۇچراپ قالغۇدەكمەن. ئۇلار ماڭا ئەجەبلىنىپ قاراپ گەپ قىلىۋاتقۇدەك. تۇرۇپلا ئۇلار روسىيىنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىغا ئايلىنىپ قالغۇدەك. پۇشكىن، گوركىي، ئوستروۋسكىي... ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ بولۇپلا لاسسىدە بولۇپ قاپتىمەن. چۈنكى ئۇلار يازغۇچى، شائىرلار ئەمەس، باشقا ئادەملەر ئىكەن. لېكىن، ئۇلار رۇسچە، مەن ئۇيغۇرچە سۆزلەپ بىر ـ بىرىمىزگە گەپ ئۇقتۇرالماي چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەن هالەتتە ئويغاندىم.

شەھىرىمىزدە تاڭ سەھەرنىڭ باشلانغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ چىللايدىغان قىزىل تاجلىق خوراز بولمىسىمۇ، هەممىلا ئادەمگە ئورتاق تەقسىم قىلىنغان تاڭ سەھەرنىڭ چولپان يۇلتۇزى بار. ئەنە شۇ يۇلتۇز چەكسىز بوشلۇقنىڭ قايسىبىر روجەكلىرىدە ماراپ ياتقان قۇياشنى باشلاپ شەرقتىن كۆتۈرۈلىدۇ. تەرلىرىمنى سۈرتۈپ دېرىزىگە قارىدىم. تاڭ يورۇش ئالدىدا تۇراتتى. قۇياشنى چىللاۋاتقاندەك نۇرلىنىپ كەتكەن چولپان يۇلتۇز خۇددى چەكسىز كەتكەن دېڭىزدىكى ماياكتەك نۇر چېچىپ تۇراتتى.

ئېھ، سەھەر ئەلچىسى، دەپ خىتاب قىلدىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ، هازىرغىچە نۇرغۇن سەپەرلەردە بوپتىمەن. بىراق، چەت ئەلگە سەپەر قىلغىنىم يوق. سەن چاراقلاپ تۇرغان مۇشۇ قۇتلۇق سەھەرنىڭ هەققى ـ هۆرمىتى ئۈچۈن سەھەردىكى مۇشۇ چۈشۈم ئوڭغا تارتقاي ئىلاهىم!

قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالىدىغان ئاي ۋە كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن هېلىقى چۈشۈمنىڭ مېنى ئالداپ قويغانلىقىنى، ئەمدى سەھەردىكى چۈشۈممۇ ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ چوڭىيىپ، كالامپايلىشىپ، ئوڭ ـ تەتۈر بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى جەزم قىلدىم. لېكىن سەھەردىكى چۈشنىڭ هامىنى خەيرلىك ئىكەنلىكىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى.

ــ خاربىندا ئېچىلىدىغان بىر مۇهاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ كەپتۇ، ــ دېدى كەسپدىشىم، مانجۇ مىللىتىدىن بولغان يازغۇچى لى جۆەر 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ماڭا تېلېفون قىلىپ، ــ يىغىن ئاخىرىدا روسىيىگە زىيارەتكە چىقىدىكەنمىز. يىغىن 2 ـ چىسلا باشلىنىدىكەن.

ــ بۇ يىغىنغا بىزنى ئەۋەتەرمۇ؟ ــ دېدىم مەن يىغىننىڭ دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى ۋەزىيىتىنى مۇهاكىمە قىلىدىغان مۇهىم يىغىن ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، كەسپكە توغرا كەلمىدى دەپ.

ــ تەستىقلايدۇ، ــ دېدى ئۇ ئىشەنچلىك قىلىپ، يازغۇچى دېگەن هەرقانداق بىر ساھەنى ئۆگىنىشى كېرەكقۇ، بىلىم قورۇلمىمىز قانچە يېڭىلانسا، شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ.

ــ ئۇغۇ شۇنداق، بىراق، ــ ئۇ خاتىرجەم بولۇشۇمنى تاپىلاپ تۇرۇپكىنى قويدى. مەنمۇ تۇرۇپكىنى جايىغا قويۇپ هاياجانلىق خىيال ئىلكىدە تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى مېنىڭ نەزەرىمدە بۇ بىر چاقچاق ئىدى. يىغىن بارلىقى راست، لېكىن روسىيىگە چىقىمىز دېگىنى يالغان. بەلكىم يىغىن ئاخىرىدا چېگراغا ئاپىرىپ مانا ماۋۇ جۇڭگو ـ روسىيە چېگرا پونكىتى

دەپ قايتۇرۇپ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن 15 يىل ئىلگىرىمۇ قورغاس چېگرا ئېغىزىدا ئاخىرقى چېگرا پونكىتىغا بېرىپ «ئەنە ئاۋۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپى سوۋېت ئىتتىپاقى (قازاقىستان)» دېيىشىدى، خۇددى شۇ يەرگە بېرىپ كەلگەندەك خۇش بولۇپ كەتكەن ئەمەسمىدۇق. بۇ قېتىمقىسىمۇ شۇنچىلىك بىر ئىش ياكى چېگرا ئىچىدە بىر كۈنلا چۆرگىلەيدىغان بىر كىچىك بازارغا بېرىپ قايتىمىز. ئۇمۇ چەت ئەلگە چىققانغا ھېساب. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىش يوق. بولمىسا پاسپورت ئىشلەش كېرەكتە. پاسپورت ئىشلەش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ بىر ئاي ۋاقىت كېتىدۇ. مانا يىغىن ۋاقتىغا 19 كۈن قالغان تۇرسا، پاسپورت بېجىرىپ ئۈلگۈرگىلى بولاتتىمۇ!

بۇرغىلاش ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رومانىم «ياۋايى كۆزلەر»نىڭ دەسلەپكى 18 بابىنى بۇرغىلاش شىركىتى ئىشخانىسى كومپيۇتېردا تىزىپ بەرمەكچى بولغىنى ئۈچۈن جەرەنبۇلاققا چىقىپ كەتتىم.

ھېلىقى راست ـ يالغانلىقىنى ئۇققىلى بولمايدىغان خەۋەر تارقىلىپ ئۈچ كۈن بولغان كۈنى تۇيۇقسىز يانفونۇم جىرىڭلاپ كەتتى. ئىدارىمىز ئىشخانىسىدىن كەلگەن تېلېفون ئىكەن. ئىشخانا مۇدىرىمىز تېزدىن پاسپورت رەسمى چۈشۈشۈمنى ھەمدە كاماندىروپكا رەسمىيىتىنى بېجىرىپ 14 ـ چېسلانىڭ ئايروپىلانىدا بېيجىڭغا مېڭىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. ئارىلىق يىراق بولغاچ، شىنجاڭدىن بارىدىغان ئىككىمىزگە تەكلىپ كېچىكىپرەك تېگىپتۇ. شۇڭا بىز يىغىن باشلىنىشتىن ھەپتە بۇرۇن بېيجىڭغا بېرىپ مۇشۇ قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرغان بېيجىڭ شەھەرلىك جۇڭتەيرىن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە تېزىمغا ئالدۇرۇپ مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشىمىز كېرەككەن.

شۇ چاغدا مەن بۇنىڭ چاقچاق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان بولساممۇ، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. 14 ـ چېسلا دېگەن جۈمە، شۇ كۈنى گەرچە چۈشتىلا بېيجىڭغا يېتىپ بارغىنىمىز بىلەن ئۇلارنى تاپالماي قالساق شەنبە، يەكشەنبىدە ئادەم تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدا كېچىككىش تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئاۋارىچىلىكلەر بىلەن رەسمىيىتىمىز بېجىرىلمەي قايتىپ كەلسەك، چەت ئەلگە ماڭدىم، دەپ سەپەر قىلغان ئادەم يېرىم يولدىن قايتىپ كەپتۇ دېسە، نېمە بولۇپ كېتەرمەن. مانا مۇشۇنداق گادىرماش خىياللار بىلەن ئاخىر رەسمىيەتلەر پۈتۈپ، مەن خارबىنغا يىغىنغا بارىدىكەنمىز، دەپلا يولغا چىقتىم. بېيجىڭغىمۇ كەلدۇق. يىغىن ۋاقتىدىن يەتتە كۈن بۇرۇن كەلگىنىمىز ئۈچۈن بېيجىڭ كوچىلىرىنى قايتا ـ قايتا چۆرگىلەش، دالىيەننىڭ يەتتە، سەككىز كوچىغا تۇتىشىدىغان جۇڭشەن مەيــدانــــىنى، پــورت ـ پىرىستانلىرىنى كۆرۈش، خاربىننىڭ روسىيىلىكلەر كوچىسىنى، جۇڭيالى بازىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ خىياللىرىمغا ياماشقان گۇمانلىرىمنى ھەيدەپ چىقارغان بولدۇم. چۈنكى رەسمىيەتلىرىمىز جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن بېجىرىلىپ يىغىن ۋاقتى، چەت ئەلگە چىقىش ۋاقتى ئېنىق يېزىلغان 14 كۈنلۈك پائالىيەت چۈشەندۈرۈشلىرىمۇ تارقىتىپ بېرىلگەنىدى. خاربىنغا كەلگىنىمىزدە گەرچە قولىمىزغا پاسپورت تەگمىگەن بىلەن سۇڭخۇاجياڭ دەريا بويىغا سېلىنغان ئۈچ يۇلتۇزلۇق رۇڭفۇكاڭ مېھمانسارىيىدا رۇس پۇرىقىنى پۇراشقا باشلىدۇق. يىغىن ئۇيۇشتۇرغۇچى ئورۇن خادىملىرى بۇ مېھمانسارايىنىڭ 36 ـ قەۋىتىدىكى روسىيىلىكلەر رېستورانىدا بىزگە رۇسچە غىزالىنىش تەرتىپلىرىنى، ئۇلارنىڭ تاماقلىرىنى، پىچاق، ۋىلكا ـ قوشۇق ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىغانىدى.

## چېگرا ۋە ئۇرۇش

«كەمبەغەل تالقان يېسە ئاغزىدىن بوران چىقىپتۇ» دېگەندەك 2003 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سەھەردە دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چېگرا ئېغىزى سۇيفېنخېغا يېتىپ كەلدۇق. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىنلا باشلانغان پۇل ئالماشتۇرۇش باشلاندى. دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىــكى دۆلــەت ئــىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەت مۇھاكىمە قىلىنىدىغان «تەرەققىيات ۋە يېڭىلىق» تېمىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ھەرقايسى ساھەدىكى رەھبىريي كادىرلارنىڭ كۆپ قىسمى تۇزۇۋمى ئۆزگەرتىلگەن شىركەت، كارخانىلاردىن كەلگەن بولۇپ، ئازراق قىسمى بىزگە ئوخشاش ئەدەبىيات، ئاخبارات ۋە نەشرىيات سىستېمىسىدىن كەلگەن غوللۇق خادىملار ياكى تەھرىرات باشلىقلىرى ئىكەن. شۇڭا يىغىنغا قاتناشقان 76 نەپەر (شىنجاڭدىن بىز ئىككى نەپەرلا) خادىم ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەندە بىزنىڭ گۇرۇپپىغا ئاساسەن ئاخبارات، نەشرىيات، ئەدەبىيات سىستېمىسىدىكى خادىملار ھەمدە خۇبېيدىن

كەلگەن ئىككى نەپەر خوتۇن-قىزنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. دېمەك، ئۇلار ئۈچ مۇسۇلماننى بىر گۇرۇپپىغا كىرگۈزۈشتە بىزنىڭ تاماقلىنىشىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغانىدى.

— ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاۋۋال پۇل تېگىشىۋالامسىلەر؟ — دەپ چاقچاق قىلدى بىزنىڭ ساياھەت يېتەكچىمىز جالى خېنىم بىزنىڭ ئايرىم ئۈستەلىمىز يېنىغا كېلىپ:

— بولىدۇ، بىز ئالدىرىماي تېگىشەيلى — دېدىم مەن.

ئۇ سومكىسىدىن ھازىرلا بانكىدىن ئېلىپ چىقىلغانلىقى بىلىنىپ تۇرغان رۇبلىلارنى ئۈستەلگە تاشلىدى. رۇبلىلارنىڭ ئەڭ چوڭى مىڭ رۇبلىلىق، كىچىكى 50 رۇبلىلىق ئىكەن. مەن رۇبلىلارنى كۆرۈپ بىزنىڭ چەت ئەلگە ماڭغىنىمىزنىڭ چۈش ئەمەسلىكىگە ئىشەندىم. مانا بۇ روسىيىنىڭ پۇلى. بۇ پۇل ھازىرلا ھەممىمىزنىڭ يانچۇقىدا بار بولىدۇ. مانا ئالدىمىز چېگرا، خەلق پۇلىمىزنى رۇبلىغا تېگىشىپ بولساقلا چېگرادىن ئۆتىدىكەنمىز. بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرىلا بىزنىڭ بىر يۈەن پۇلىمىزغا نەچچە يۈز رۇبلى تېگىشىدىغان ھالەت ئۆزگىرىپتۇ. ھازىر بىر ئامېرىكا دوللىرىغا 32.5 رۇبلى تېگىشىدىكەن. خەلق پۇلىمىزغا بىر يۈەنگە 3.4 رۇبلى تېگىشتۇق (ئەسلى 3.8 تېگىشىدىكەن، ساياھەت يېتەكچىلىرى ئازراق زىيىنىق چىقارغان گەپ). مەن 5000 يۈەن خەلق پۇلىغا تېگىشكەن 17 مىڭ رۇبلى پۇلنى ساناۋاتقىنىمدا سىرتتىن ئالدىراش كىرگەن بىرەيلەننىڭ:

— بىزنى موسكۋاغا بارغۇزمايدىكەن. تېخى چېگرىدىن ئۆتكۈزەمدۇ - يوق، بۇمۇ بىر گەپ، — دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— نېمىشقا بارغۇزمايدىكەن؟! — ھەممىمىزنىڭ قۇلىقىغا خۇددى مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلانغان بۇ ئالىجوقا سۆزگە تاشلىغان سوئالىمىز شۇ بولدى.

— ئىراق ئۇرۇشى سەۋەب بوپتۇ. چېگرادىن كىرىپ - چىقىدىغانلارغا چەك قويۇلۇپتۇ.

بۇ جاۋابقا قايتا سوئال تاشلاش ھاجەتسىز ئىدى. چۈنكى ئىراق ئۇرۇشى باشلانغىلى تۆت كۈن بولغانىدى. رۇبلىنى ساناشتىن توختىدىم. جىددىيلەشكەن ساياھەت يېتەكچىمىز جالى خېنىم پۇللىرىنى قايتا سومكىغا قاچىلاپ چىقىپ كەتتى. پەممىچە ئۇمۇ مۇشۇ سۆزنىڭ راست - يالغانلىقىنى دەلىللەپ كىرمەكچى ئىدى.

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ تېلېۋىزورنى ئاچتىم. چۈنكى ئاخشام ئامېرىكا ئاخىرقى ئۇلتىماتومنى ئېلان قىلغان. يەنى بۈگۈن سائەت 9 دا ئىراققا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان. قېنى ئۇ خەلقئارانىڭ قارشىلىقى بولۇۋاتقان شارائىتتا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قارار چىقارمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇرۇش باشلىيالامدۇ - يوق؟ چاينى ياتاقتىلا دەملەپ ئاددىي ناشتا قىلدىم. چۈنكى سەپەرگە چىقساق ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىدىغان توقاچلىرىمىز بىلەن قورۇۋالغان گۆشلىرىمىز ھەرقانداق يەردە بىزنى ئاچ قالدۇرمايتتى.

پويىزنىڭ يۇمشاق كارىۋاتلىق ئايرىم بۆلمىسىدە ئولتۇرۇپ چاقچاقلار بىلەن چېگراغا يېتىپ كەلگەنىدۇق. مانا ئەمدى ئاغزىمىزدىن سائەت چىققاندەك مۇنۇ لەنىتى ئۇرۇش بىزنىڭ زىيارىتىمىزگە تەسىر كۆرسەتكىلى تۇردى. ھېلىقى خەۋەرنى كۆتۈرۈپ كىرگەن ئادەمنىڭ سۆزى بويىچە، بىز روسىيىنىڭ يىراق شەرقتىكى ئۈچىنچى چوڭ شەھىرى ۋىلادىۋوستوكتىنلا قايتىدىكەنمىز.

جالى خېنىم قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھازىرلا چېگرادىن ئۆتىدىكەنمىز. جالى خېنىم ۋىلادىۋوستوكتىلا ئون كۈنلۈك زىيارەتتە بولىمىز، دەپ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە 20 مىڭ يۈەن زاكالەت پۇلى تۆلەپ پاسپورتلىرىمىزنى ئېلىپ چىقىپتۇ. جالى خېنىم پاسپورتلىرىمىزنى تارقىتىپ بېرىپ كىملىكلىرىمىزنى يىغىۋالدى. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، كىملىكىمىز سۇيفېنخې جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدا ساقلىنىدىكەن. روسىيىدىن قايتىپ چىققاندا ئاندىن قايتۇرۇپ بېرىلىدىكەن. پاسپورتلارنى قولىمىزغا ئالغان بىلەن ئانچە خۇشال بولۇپ كەتمىدۇق. چۈنكى ئون كۈنلۈك زىيارىتىمىز موسكۋا، سانكت پېتىربۇرگ (لېنىنگراد) قاتارلىق شەھەرلەرگىچە سوزۇلاتتى. بىز ئۇ يەرلەردە كرېمل سارىيى، قىزىل مەيدان، ئىمپېراتور پېتىرنىڭ قورغانلىرى، پادىشاھ ياكاتېرىنا I نىڭ قىشلىقى، يازلىق سارايلىرى (ئوردا) قاتارلىق دۇنياغا داڭلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنى كۆرۈپ كېلەتتۇق. مانا ئەمدى پۈتۈن دۇنيا ۋەزىيىتىنى داۋالغۇتۇۋەتكەن بۇ قاباھەتلىك

ئۇرۇش بىزنىڭ بۇ قېتىملىق سەپىرىمىزگە سىڭگەن بارلىق خۇشاللىقلىرىمىزنى خۇددى توزغاقتەك توزۇتىۋەتتى.

—خاتىرجەم بولۇڭلار،—دېدى جاڭ خېنىم بىزنىڭ سالپىيىپ قالغىنىمىزنى كۆرۈپ، روسىيىگە ئۆتكەندىن كېيىن بىزنىڭ بارلىق ساياھىتىمىزگە روسىيىدىكى ساياھەت ئىدارىلىرى مەسئۇل بولىدۇ. ئۇلار ھازىر روسىيىدىكى ئون كۈنلۈك زىيارەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈپ بولدى. موسكۋاغا ئۇچىدىغان ئايروپىلان بېلىتى، پويىز بېلىتى، ھەتتا ياتىدىغان ياتاقلارمۇ تىزىملىتىلىپ بولدى. مېنىڭچە، بۇ قېتىمقى زىيارەتكە ئۇرۇش تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. لېكىن، سىلەر چېگرىدىن ئۆتكەندە چوقۇم ۋىلادىۋوستوكتا ئون كۈنلۈك زىيارەتتە بولىمىز دەڭلار، چۈنكى چېگرادىكى خادىملار زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن سۈرۈلەيدۇ.

ئۇنىڭ بۇ كۆڭۈل ياساشلىرىمۇ بىزگە ئانچە تەسەللىي بېرەلمىدى. خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك پۈتۈن تېگىشىش جەريانىدىكى ھاياجانلىق كەيپىياتىمىز بىراقلا يوقىلىپ كەتكەنىدى.

—مەيلى ئەمەسمۇ،—دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللىي بەردىم مەن، ۋىلادىۋوستوكمۇ روسىيىنىڭ يىراق شەرقتىكى ئەڭ ئاتاقلىق پورت شەھىرى، روسىيىنىڭ يىراق شەرقتىكى دېڭىز فلوتى مۇشۇ جايدا قۇرۇلۇپ دۇنيا ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ ھازىرمۇ روسىيىنىڭ ھەربىي سانائەت بازىسى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. شەرقتىكى روجەكتىن روسىيىنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى بايقاش مۇمكىنغۇ.

سەۋر قىلىشنىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى تىنچلاندۇرۇش دورىسى. «بوپتۇلا» دەپ ئۆزۈمنى دەڭسەپ كۆرسەم خېلىلا يېنىكلىشىپ قاپتىمەن. ئەگەر مۇشۇ ئۇرۇش بولمىغىنىدا خاتىرجەم ماڭاتتۇق. موسكۋاغا بارماڭلار دېيىشتىمۇ سەۋەب بارغۇ، تېخى تۈنۈگۈن ئەتىگەندىلا ئىراق ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ روسىيە زۇڭتوڭى پۇتىننىڭ ئۇرۇشنى توختىتىش، تىنچلىقنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا سۆز قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدۇق ھەمدە شۇ خەۋەرگە ياندىشىپ ھالدا موسكۋا شەھىرىدە ئۇرۇشقا قارشى نامايىش بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرگەنىدۇق. بەلكىم روسىيىنىڭ ئۇرۇشقا بولغان قارشىلىقى ۋە بولۇۋاتقان نامايىشلار روسىيە ۋەزىيىتىدىمۇ داۋالغۇش پەيدا قىلغان بولسا، بىزنىڭ زىيارىتىمىزگىمۇ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش توغرا كەلگەندۇ. «كەلمىگەن تەلەيدە ئاتاڭنىڭ ھەققى بارمۇ»، دېگەندەك ۋەزىيەتكە بېقىپراق ساياھەت قىلمىساق بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. خەير، تىنچلىقنىڭ ئەۋزەللىكى خاتىرجەملىكتە ئىكەن ئەمەسمۇ.

## رۇس زېمىنىغا كىرگەندە

ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا، تاموژنا ۋە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشلىرىدىن ئۆتۈپ بولغۇچە چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى بولدى. دېمەك، چېگرا رەسمىيەتلىرى دەل ئۈچ سائەتتە ئاخىرلاشقان. بىز دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ زېمىنغا ئىگە دۆلەت روسىيىگە قەدەم باسقان بولدۇق. 17 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئوشۇق زېمىنغا ئىگە بۇ دۆلەتتە 149 مىليوندىن ئوشۇقراق ئاھالە ياشايدىكەن. روسىيە ئاسىيا ـ ياۋروپا زېمىنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاسىيادىكى زېمىنى پۈتۈن روسىيە زېمىنىنىڭ 3 / 4 قىسمىنى ئىگىلىسىمۇ، ياۋروپا زېمىنىغا جايلاشقان قىسمىدا ئاھالىلەرنىڭ3 / 4 قىسمى ياشايدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇلاردا ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرى بەك چوڭقۇر ۋە كۆپ ئىكەن. روسىيىدە 130 نەچچە مىللەت بولۇپ، رۇسلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 82.6% نى ئىگىلەيدىكەن. بىزنىڭ قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان رۇسلارغا قىزىقىش نەزەرىمىزدە قاراشلىرىمىز بارا ـ بارا سۇسلاشتى. ئەمدى رۇسلارنى كۆرسەك ئۇنچىۋالا زەن سېلىپ كەتمەيدىغان بولۇپ، قىزىقىشلىرىمىز ئۇلارنىڭ زېمىنىغا، سالا ـ سالا ئېتىزلىرىغا، تېخى قىشلىق ئۇيقۇسىدىن تۇرمىغان چەكسىز كەتكەن ئورمانلىقلىرىغا تىكىلگەنىدى.

—بىز ۋىلادىۋوستوك شەھىرىگە تۆت سائەت ئەتراپىدا يېتىپ بارىمىز،—دەپ سۆزىنى باشلىدى جاڭ خېنىم بىزنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن چېگرادا ساقلاپ تۇرغان، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن ئالاھىدە ئورۇندۇقلۇق ئاپتوبۇسقا چىققاندىن كېيىن مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ، مانا ھازىردىن باشلاپ بىزنىڭ روسىيىدىكى ساياھىتىمىز رەسمىي باشلاندى، سىلەر تېخىچە خاتىرجەم بولالمايۋاتىسىلەر. مەن سىلەرگە رەسمىي ئۇقتۇراي، روسىيە ھازىر تامامەن بىخەتەر. بىز بۈگۈن، ئەتە ئىككى كۈن ۋىلادىۋوستوكتا ساياھەت قىلىپ، ئۆگۈنلۈككە چۈشتىن كېيىن سائەت 1:30 مىنۇت ئۆتكەندە موسكۋاغا قاراپ ئۇچىمىز. ھازىر سائىتىڭلارنى ۋىلادىۋوستوك ۋاقتىغا توغرىلاڭلار. بېيجىڭ ۋاقتى بىلەن ۋىلادىۋوستوك ۋاقتى ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

سائەت پەرقلىنىدۇ. يەنى ۋىلادىۋوستوك ۋاقتى بېيجىڭ ۋاقتىدىن ئىككى سائەت بۇرۇن.

دۆلىتىمىز بىلەن ياپون ئارىلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ شەھەردىكى ۋاقت پەرقى بىزنى ھەيران قالدۇردى. لېكىن قۇياش بۇ پەرقنى بىزگە ھېس قىلدۇرماقچى بولغاندەك غەربكە قىيسىيىشقا باشلىغانىدى.

شۇ كۈنى بىز ئامور قولتۇقىغا جايلاشقان «ئامورسكىي» مېھمانخانىسىغا ئورۇنلىشىپ كەچلىك تاماق يېگەچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. تاماق يەۋاتقاندا جاڭ خېنىم بىزگە بىخەتەرلىك ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— كېچىلىرى ئامال بار سىرتقا چىقماڭلار. چىقىش توغرا كەلسە بىرنەچچەيلەن بىرگە چىقىڭلار، چۈنكى ھازىر روسىيىنىڭ چوڭ - چوڭ شەھەرلىرىدە قارا جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى بار، ئۇنىڭدىن باشقا ياش - ئۆسمۈرلەردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇھلارمۇ بار. ئۇلار يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن مەخسۇس چەت ئەللىكلەرنى بوزەك قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر ياشلار گۇرۇھىدىكىلەر تەرەققىي قىلىپ «تاقىرباشلار گۇرۇھى» بولۇپ تەشكىللىنىپ ئىرقىي ئۆچمەنلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ. شۇڭا ساياھىتىمىز نەتىجىلىك بولسۇن دېسەڭلار كېچىسى سىرتقا چىقماڭلار.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن بىز ساياھىتىمىزنى باشلىدۇق. بۇ شەھەر دېڭىز، قورۇقلۇق ھەممە تاغلار بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن، سانسىز دېڭىز قولتۇقلىرىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان گۈزەل بىر شەھەر ئىكەن. بۇ شەھەر ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى بىلەنلا ئەمەس، روسىيىنىڭ يىراق شەرق دېڭىز فلوتىدىن ئىبارەت ھەربىي بازىسىنىڭ قۇدرىتى بىلەنمۇ ئەينى دەۋردىكى ئۇرۇشنى ئەسلىتىپ تۇرالايدىكەن. بىز بۇ قەدىمىي شەھەردىكى ئەڭ چوڭ مەيدان مەركىزىي مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، بۇ مەيداننىڭ پورت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بىر جانلىق دەرسخانىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىشلىتىلگەن جەڭ پاراخوتلىرى پورتتا توختىتىپ قويۇلغان. مەيدانغا ياسالغان سەھنىدە ئۇرۇشتا قۇربان بولغان قەھرىمانلارغا ئاتاپ يېقىلغان مەشئەل كۆيۈپ تۇرغان (بۇ مەشئەل سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىكى سىياسىي داۋالغۇشتا ئۆچۈپ قالغانىكەن، ئۇنىڭ يېنىدىكى پەشتاقتا ئەينى دەۋردىكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن تۆھپە ياراتقان 56 -Cنومۇرلۇق سۇ ئاستى جەڭ پاراخوتىدا لەپىلدەپ تۇرغان بايراق. مەيداندىكى ئۇرۇشقا دائىر ھەيكەللەرنى زىيارەت قىلىپ رەسىمگە چۈشۈۋاتقان رۇس قىز - يىگىتلىرىنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشنى ھەر دائىم ئەسلەپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدىكەن. ھەربىيچە رەتلىك كىيىنگەن بىر جۈپ رۇس قىزنىڭ مەزمۇت قەدەم تاشلاپ مېڭىشلىرىنى كۆرگىنىمدە «بۇ يەرنىڭ سەھىرى جىمجىت» فىلىمىدىكى ھېلىقى بەش قىز كۆز ئالدىمغا كەلگەندەك بولدى.

پەشتاقتا ئېلىپ قويۇلغان بۇ سۇ ئاستى پاراخوتى بىر مۇزېيغا ئايلاندۇرۇلغانىكەن. ئۇنىڭدا ئەينى دەۋردە ئىشلەتكەن قوراللار، خاتىرە رەسىملەر، مۇشۇ پاراخوتتا جەڭ قىلغان گېنېرال ۋە ئەسكەرلەرنىڭ كىيىملىرى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى قويۇلغان بولۇپ، بىز بۇ مۇزېينى كۆرسەك، سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى بىلەن تونۇشۇپلا قالماي، پەقەت ئۇرۇش فىلىملىرىدىلا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان قوراللارنىمۇ كۆرەلەيدىكەنمىز.

پورت بىلەن پويىز ئىستانسىسى بىر گەۋدىلەشكەن ۋىلادىۋوستوك ۋوگزالى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى سىبىرىيە تۆمۈريولىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتى، يەنى 9288 خاتىرە مۇنارى (بۇ تۆمۈريولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 9288 كىلومېتىر بولۇپ، شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان بىردىنبىر تۆمۈريول ئىكەن) بىلەنمۇ ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن. ۋوگزالنىڭ ئۇدۇلىدا مۇشۇ شەھەردە بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان لېنىننىڭ ھەيكىلى گويا يىراق شەرقتىكى كومسومۇللارغا ئۇتۇق سۆزلەۋاتقاندەك قورالىرىنى شىلتىغان ھالەتتە تۇراتتى.

بۇ شەھەردە بىر - ئىككى ئەسىرلىك ۋاقىتنى ئۆزىتىپ قويۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئەينى دەۋردىكى سەلتەنىتىنى يوقاتمىغان ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى بىنالار بەك كۆپ ئىكەن. كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلىدىغان يېرى بۇ بىنالارنىڭ ھازىرمۇ ئوخشاشلا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى بولدى. مەن بۇ قۇرۇلۇشلارغا زەن سېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ ھۇلىدىن تارتىپ تاملىرىغىچە تاراشلانغان گرانىت تاش ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆردۈم. شائىخەيىنىڭ ۋەيتەندىكى قۇرۇلۇشلىرىمۇ ئەنە شۇنداق سېلىنغاچقا، ھازىرمۇ ئەينەن ساقلىنىپ كەلگىنىدەك بۇ قۇرۇلۇشلار شۇ تۇرقىدا يەنە بىرنەچچە ئەسىرنىمۇ ئۆزىتىپ قويىدىغاندەك تۇرىدۇ.

بىزنىڭ تەلپۈنمىز بويىچە كەچلىك تاماقتىن كېيىن ۋىلادىۋوستوك شەھرىنىڭ بەزى كوچىلىرىنى ئايلاندۇق. كۈندۈزى قارىيىپ كۆرۈنگەن بۇ شەھەر (قار ــ مۇزلار تېخى ئېرىمىگەن بولغاچقا، يېشىللىقنى كۆرگىلى بولمىدى) كېچىدە ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كېتىدىكەن. تاغ باغرىغا سېلىنغان شەخسلەرنىڭ داچىلىرى تاغ چوققىسىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، ھەممىلا جاي خۇددى يۇلتۇزدەك چاقناپ كەتكەنىدى. بۇ كېچىلىك مەنزىرە ماڭا چۈگچىلىڭ شەھرىنى ئەسلەتتى. تاغلىق شەھەر چۇڭچىڭمۇ كېچىدە مانا مۇشۇنداق تاغلار بىلەن گىرەلەشكەن بىنالارنىڭ رەڭدار چىراغلىرىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرۇشىدا شۇنداق سېھىرلىك كۆرۈنۈشنى ئاتا قىلاتتى.

## ئۇزاق سەپەر

26 ــ مارت مەن ئۆمرۈمدىكى ئەڭ ئۇزاق سەپەرنى باستىم. ئۇ كۈنى بىز سەھەردىلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ناشتىدىن كېيىن شەھەر مەركىزىنى بىر قۇر ئايلىنىپ بولۇپلا ئايرودرومغا قاراپ يول ئالدۇق. ئايروپىلان ۋىلادىۋوستوك ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت 1:30 مىنۇت ئۆتكەندە موسكۋاغا قاراپ ئۇچتى. توققۇز سائەتكە سوزۇلغان ئۇچۇشتىن كېيىن بىز موسكۋاغا يېتىپ كەلدۇق. قىزىقارلىق يېرى، بىز توققۇز سائەت ئۇچقان بىلەن موسكۋا ۋاقتى سائەت تېخى ئەمدىلا 3 بولغانىدى. شۇڭا قۇياش ئوخشاشلا ئەمدىلا چۈش پېشىن بولغانلىقنى ئىپادىلىگەندەك سەلپەل قىيسايغان ھالەتتە تۇ-راتتى. بىزنى كۈتۈۋېلىشقا چىققان موسكۋا ساياھەت ئىدارىسىنىڭ خەنزۇ تىلى ساياھەت يېتەكچىسى كاتىيە ئايرودرومدا ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ ناھايىتى راۋان خەنزۇ تىلىدا بىزدىن ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن بىزنى ئاپتوبۇسقا چىقاردى. شەھەر مەركىزىگە قاراپ كېتىۋاتىمىز. كاتىيە ئەھۋال تونۇشتۇرۇۋاتىدۇ، كۆز ئالدىمىزدا تۈپتۈز ئاسفالت يول. يولنىڭ ئىككى قاسنىقى رەتلىك ئورمان. ئورمانزارلىقلار ئارىسىدا شەخسلەرنىڭ يازلىق داچىلىرى. كاتىيەنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، روسىيىلىكلەر ئورمان ئارىسىدا ياشىغاچقىمۇ يېشىللىقنى ياخشى كۆرىدىكەن. شۇڭا ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتى بىلەن مانا مۇشۇنداق ئورمانزارلىقلار ئارىسىدا داچا سېلىپ، داچا ئەتراپىدا بىر نەچچە يۈز يەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىپ يازنى ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرى تېرىپ ئۆستۈرگەن كۆكتاتلىرىنى يېيىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن.

شەھەر مەركىزىگە يېقىنلاشقانچە موسكۋا شەھرىنىڭ ياۋروپا ئۇسلۇبىدا سېلىنغان نەچچە يۈز يىللىق قۇرۇلۇشلىرى، چېركاۋلارنىڭ كۆككە باش سوزغان راۋاق، پەشتاقلىرى، ئالتۇن يالىتىلغان قۇببىسىمان گۈمبەزلەرنىڭ كۈن نۇرىدا چاق-ناشلىرى كۆز ئالدىمىزدا بىر سېھىرلىك شەھەرنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. كاتىيە ھەر بىر بىنا ھەم كۆركەم قۇرۇلۇشلارنى ناھايىتى ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە سىڭگەن موسكۋاغا بولغان قىزغىن مۇھەببەت بىزنى ھاياجانلاندۇرماي تۇرالمايتتى.

ــــبۇ يول شەھەر مەركىزىدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ كۆركەم يول ــــ دەپ چۈشەندۈرەتتى ئۇ، بۇ يولنىڭ كەڭلىكى 100 مېتىرغا يېتىدۇ. مانا ماۋۇسى ستېرېئولۇق كۆۋرۈك، بۇ شەھرىمىزدىكى ئەڭ كۆركەم قۇرۇلۇش، ئۇنىڭ تەرەپتىكى ئاۋۇ بىنا ئامېرىكا ئەلچىخانىسى... ــ ، بىز كاتىيە كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدۇق. ئامېرىكا ئەلچىخانىسى موسكۋادىكى بارلىق قۇ-رۇلۇشلارغا ئوخشاش ئاددىي، ئەمما كۆركەم ئۈچ قەۋەتلىك بىنا ئىكەن. بىنا چوڭ يول ياقىسىدا بولغاچقا، ئەتراپىدا ماشىنىلار توختاپ كەتكەن، لېكىن ئوخشىمايدىغان يېرى بىنا ئەتراپى ۋاقىتلىق رىشاتكىلانغان. رىشاتكا ئىچىدە ئىككى قۇر تىزىلغان ساقچى ۋە قوراللىق خادىملار بىر مېتىر ئەتراپىدا ئارىلىق تاشلىغان ھالدا بىنانى قوغداپ تۇراتتى. ئۇلار ھەر ۋاقىت، ھەر قانداق بىر ھەرىكەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييار تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

ــــئەتىگەن مۇشۇ يەردە ئۇرۇشقا قارشى نامايىش بولدى. نەچچە مىڭ موسكۋا ئاھالىسى بۇ يەرگە يىغىلىپ شوئار توۋلاپ، ئۇرۇشنى دەرھال توختىتىش، پۇقرالارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش تېمىسىدا نۇتۇقلار سۆزلەپ، پۈتۈن روسىيە خەلقىنىڭ ئۇرۇشقا بولغان قارشىلىقىنى ئىپادىلىدى. بىز ئۇرۇشنى خالىمايمىز، بىزگە تىنچلىق كېرەك، ــــ دېدى كاتىيە بىزنىڭ سوئال سورىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرمايلا.

ئاپتوبۇس شەھەر مەركىزىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ بىر تۆپىلىككە يامىشىشقا باشلىدى.

ــــبىز ھازىر لېنىن تېغىغا چىقىپ كېتىۋاتىمىز، ــــ دېدى كاتىيە مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ، لېنىن تېغى موسكۋادىكى ئەڭ ئېگىز بىر تۆپىلىك، بىز مۇشۇ دۆڭلۈكتىن موسكۋا شەھرىنىڭ گۈزەل قىياپىتىگە نەزەر سالساق دېلىمىز يايراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېتىدۇ. موسكۋا دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل شەھەرلەرنىڭ بىرى. بىز موسكۋادىن پەخىرلىنىمىز.

بىز لېنىن تېغى ئۈستىگە چىققىنىمىزدا تولغىنىپ ئېقىۋاتقان موسكۋا دەرياسىنى دەۋرىي قىلىپ ئۆزىنىڭ گۈزەل قامەتنى نامايان قىلىپ تۇرغان موسكۋا شەھىرىنى تولۇق كۆردۇق. شەھەر ھەقىقەتەن كاتتىيە تەسۋىرلىگەندەك گۈزەل ئىكەن. مەن لېنىن تېغىغا جايلاشقان موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىغا قارىدىم. دۇنياغا داڭلىق بۇ ئۇنىۋېرسىتېت قويۇق ئورمانلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ كۆركەم قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى.

ــــ ھەتتىگىنەي،ــــ دەپ پىچىرلىدىم مەن قويۇق ئارچا ۋە قارىغايلارغا قاراپ، ياز بولسا قانچىلىك گۈزەللىشىپ كېتەرسەن. ئەگەردە يازدا كېلىش نېسىپ بولسا ئاشۇ قارىغايلىق ئارىسىدا مېڭىپ يۈرگەن ستۇدېنتلارنى كۆرگەن بولاتتۇق ـ تە.

شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن روسىيىنىڭ دۇنياغا داڭلىق سىرك ـ سېھىرگەرلىك نومۇرلىرىنى كۆرۈشكە ئاتلاندۇق. بىز پەقەت تېلېۋىزورلاردىلا كۆرۈپ يۈرگەن سىركچىلەر كىچىكلىتىلگەن پۇتبول مەيدانىغا ئوخشايدىغان سىرك كۇلۇبىدا ناھايىتى قىزىقارلىق سىرك نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ، بىزنى رۇس سىركچىلىكىنىڭ يۇقىرى ماھارەتلىك نومۇرلىرى بىلەن ئۇچراشتۇردى. بىز بۇ ئويۇننىڭ بېلەت باھاسى 1200 رۇبلى بولسىمۇ، لېكىن شۇنچىۋالا كۆپ رۇس تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزغىنلىق بىلەن بېلەت سېتىۋېلىپ ئۇنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق. چۈنكى كاتتىيەنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە روسىيىدە كۆپلىگەن ئاھالىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش سەۋىيىسى بەكمۇ تۆۋەن دەرىجىدە ئىكەنلىكى، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي كرىزىس، ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنىڭ قالايمىقانلىشىشى يېڭىــــدىن مۇستەقىل بولغان روسىيىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىن زور ئۆزگىرىش ياسىغانلىقىنى سۆزلىگەنىدى. ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيىسىگە چۈشۈپ قالغان روسىيىلىكلەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئېڭىدا بىز ئەقلىمىزگە سىغدۇرالمايدىغان يەنە قانداق ئىشلار مەۋجۇت، بۇلارنى ئويلانماي، سەۋەبىنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ جۆيلىگىلى بولماس بەلكىم.

شۇ كۈنى كەچ سائەت 12 دە بىز موسكۋادىن سانكىت پېتىربۇرگقا قاتنايدىغان ساياھەت پويىزىدا سەپەرگە چىقتۇق. چۈنكى بىز ئاشۇ يەردە ساياھىتىمىزنى باشلاپ كەينىمىزگە ئاستا ـ ئاستا قايتىدىكەنمىز.

سانكىت پېتىربۇرگ چارروسىيە دەۋرىدە پايتەخت بولغان، شۇنداقلا پادىشاھ پېتىر، يېكاتېرىنا I لەر سەلتەنەت سۈرگەن شەھەر. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن پايتەخت موسكۋاغا يۆتكەلگەن. پۈتىن زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن پايتەختنى سانكىت پېتىربۇرگقا يۆتكەش توغرۇلۇق ھەر خىل پىكىرلەر چىققان، پۈتىن سانكىت پېتىربۇرگلۇق بولغاچقا، ئۆز يۇرتىنى پايتەخت قىلماقچى دېگەندەك قاراشلارمۇ بىر مەھەل خېلىلا غۇلغۇلا پەيدا قىلغان. سانكىت پېتىربۇرگدا بىزگە ساياھەت يېتەكچىسى بولغان لىنا گەپ ـ سۆزى كەسكىن، خەنزۇچە تەلەپپۇزى ئۆلچەملىك قىز ئىكەن. ئۇ پايتەختنى يۆتكەش مەسىلىسىدە كەسكىن قىلىپ مۇنداق دېدى:

ــــ بىز پايتەختنىڭ شەھىرىمىزگە يۆتكەپ كېلىنىشىنى قارشى ئالمايمىز. چۈنكى سانكىت پېتىربۇرگدا 5 مىليون ئاھالە بار. ئەگەر پايتەخت بۇ يەرگە يۆتكەلسە يەنە نەچچە مىليون ئادەم بۇ يەرگە كۆچىدۇ. بىز بۇنداق بولۇشنى ياقتۇرمايمىز.

بىز سانكىت پېتىربۇرگدىكى ئىككى كۈنلۈك ساياھىتىمىز جەريانىدا ئىمپېراتور پېتىرنىڭ 1703 ـ يىلى سالدۇرغان قورغانلىرىنى، ئايال پادىشاھ يېكاتېرىنا I نىڭ قىشلىق، يازلىق سارايلىرىنى نۆۋەتلىك زىيارەت قىلدۇق. بۇ جايلار ھازىر ئاساسەن مۇزېيغا ئايلاندۇرۇلغان، بۇ مۇزېيلاردىن شۇ دەۋر پادىشاھلىرىنىڭ شاھلىق سەلتەنىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. نېۋا دەرياسى بويىغا سېلىنغان قىشلىق ساراي بىلەن فىنلاندىيە دېڭىز قولتۇقى رايونىغا سېلىنغان يازلىق سارايلارغا كۈنىگە نەچچە مىڭ ساياھەتچى ھەم رۇس پۇقرالىرى كىرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىدىكەن. بۇ سارايلارنىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى نەقىش، چاپلىما ھەيكەل ۋە بېزەكلەرگە ئاساسەن ئالتۇن يالىتىلغان بولۇپ، ھەرقانداق بىر ئۆيدە بىر خىل نەپىسلىك ھەم پادىشاھلىق سەلتەنەت جۇلالاپ تۇرىدىكەن. ئايال پادىشاھ يېكاتېرىنا I ماي بوياق رەسىملىرىگە ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ ئاتاقلىق رەسساملارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ بىرنەچچە پارچە رەسىمىنى سىزدۇرغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئەڭ نەپىس رەسىملىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى يىغىپ ساقلىغانىكەن. بىرنەچچە ئۆيگە ئېسىلغان بۇ رەسىملەر ئۇنىڭ شاھلىق سەلتەنىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ تۇرىدىكەن. ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال

قىلدىغىنى ئەينى دەۋردە ئىشلەنگەن ئاشخانا سايمانلىرى ھەممە چىنە ـ قاچا، تەخسە، ۋىلكا، پىچاقلارنىڭ نەپىسلىكى، خرۇستالدىن ياسالغان شامدان، چىراغدانلارنىڭ جۇلالىقى بولدى.

بۇ شەھەر نېۋا دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، نېۋا دەرياسى شەھەرنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدىكەن. ئەتىياز پەسلى بولغاچقا، باش ئېقىندىكى ئېرىگەن مۇز پارچىلىرى دەريادا ئېقىپ تۇرغاچقا، دېڭىز قاتنىشى يوق دېيەرلىك. لېكىن مەن نېۋا دەرياسى تەسۋىرلەنگەن ماي بوياق رەسىملىرى ھەم تەشۋىقات سۈرەتلىرىدىن نېۋا دەرياسىنىڭ گۈزەل قىياپىتىنى يەلكەنلىك كېمىلەر، چوڭ ـ كىچىك يۈك ۋە يولۇچىلار پاراخوتلىرىنىڭ دەريانى بىر ئالغانلىقىنى كۆردۈم. بىزنىڭ ساياھىتىمىز ئەتىيازغا توغرا كەلگەچكە، نېۋا دەرياسىنىڭ يەلكەنلىك كېمىلىرىدىن، چوڭ يۈك پاراخوتلىرى ئۆتـكەندە كۆتۈرۈلۈپ ئىككىگە ئايرىلىدىغان كۆۋرۈكلىرىنىڭ قۇدرىتىدىن ھۇزۇرلىنالماي قالدۇق.

مەن روسىيىنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلانغىنىمدا بىزدىكى بىر كەمتۈكلۈكنى يەنى يېشىللىقنى ئەسلىمەي تۇرالمىدىم. روسىيە ئورمان بايلىقى مول دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان. بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى روسىيىگە بارغان بىر ساۋاقدىشىم:

ــــروسىيىنىڭ شەھەرلىرى پۈتۈنلەي ئورمان بىلەن قاپلانغانىكەن. ئورمانلار بىلەن گىرەلەشكەن شەھەرنىڭ گۈزەللىكىنى سەنمۇ خىيالەن ھېس قىلالايسەن ئاداش،ــــ دېگەنىدى. دېمىسىمۇ شەھەر كوچىلىرى، بىنالار ئارىلىقىدىكى قويۇق ئورمانلىق دوستۇمنىڭ بۇ سۆزىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

## قاتناش قائىدىلىرى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

روسىيىنىڭ ئۈچ چوڭ شەھىرىنى ئايلىنىش جەريانىدا ماڭا تەسىر قىلغىنى ئۇلارنىڭ يول ياساشتىكى چېۋەرلىكى بولدى. شەھەردىن چىقىش بىلەنلا قويۇق ئورمانلىق ئىچىدە ماڭىدىغان گەپكەن. بىراق يول سىلىق ھەم تۈز. شەھەر سىرتىدىكى يوللار ئاساسەن زېمىننىڭ ئەينى شەكلى ـ ھالىتىنى ساقلىغان ئاساستا ياسالغاچقا، يولغا ياماق سالىدىغان ئىشلار يوق دېيەرلىك. كۆۋرۈك، سۆڭگۈچلەرمۇ ئانچە كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەچكە يول تۈز ھەم كەڭ، ماشىنا ئىنتايىن كۆپ بولغان بىلەن قاتناش توسۇلۇپ قېلىش ھادىسىلىرى بەك ئاز بولىدىكەن. ئادەتتە شەھەر مەركىزىدىكى يوللار ئوق يول ھەم تارماق يول، دەپ ئىككىگە ئايرىلىدىكەن. ئوق يوللاردا ماشىنا توختىتىش مەنئى قىلىنىدىكەن. لېكىن تارماق يوللار، ماگىزىن، دۇكان، سارايلارنىڭ ئالدىدا ماشىنا توختىتىشقا بولىدىكەن. شۇڭا يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا توختىتىلغان ماشىنىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن پىيادىلەر يولىمۇ تارلىشىپ كېتىدىكەن. لېكىن ماشىنا ھەيدىگۈچىلەرنىڭ سەۋرچانلىقىدىن ھەيران قالدىم. ئۇلاردا بىر ـ بىرىگە يول بېرىش ئېڭى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، قىزىل چىراغ بولمىغان تۆت كوچىلاردىمۇ قاتناش قىستاڭچىلىقى بولمايدىكەن. چۈنكى ئوق يولغا تارماق يول بويسۇنغىنىدەك ئالدىدىكىسىگە كەينىدىكىسى يول قويىدىكەن. ئەگەر ئىككى ـئۈچ چوڭ ئادەم يولدىن كېسىپ ئۆتمەكچى بولۇپ يول ياقىسىدا تۇرسا كېتىۋاتقان ماشىنا سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ ياكى توختاپ ئۆتۈۋېلىشىنى شەرەت قىلىدىكەن. مەن بىر نەچچە قېتىم چوڭ يولدىن ئۆتكىچە مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلدىم ـ دە، ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ماڭا يول بەرگەن شوپۇرغا (ئەمەلىيەتتە روسىيىدە شوپۇر دەيدىغان كەسىپ يوق ئىكەن. ھەرقانداق ئادەم ماشىنا ھەيدەشنى بىلىدىكەن) قول ئىشارىتى بىلەن رەھمەت ئېيتىدىسنى بىلدۈرگىنىمدە ئۇمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەرزىمەيدۇ» دېگەندەك شەرەت بىلەن مېڭىپ كەتتى. مەن شەھەر كوچىلىرىدا قاتناپ يۈرگەن ھەر خىل قاتناش قۇراللىرى ئارىسىدىن ئىككى خىل قاتناش قورالىنى يەنى تاكسى بىلەن ۋېلسىپىتنى ئۇچرىتالمىدىم. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسام لىنا مۇنداق جاۋاب بەردى.

ــــروسىيىدە شەخسىي ماشىنا ئىنتايىن كۆپ، موسكۋادا ئۈچ ئادەمگە بىردىن شەخسىي ماشىنا توغرا كەلسە، سانكىت پېتربۇرگدا بەش ئادەمگە بىردىن توغرا كېلىدۇ. شۇڭا تاكسىغا چىقىدىغانلار بەك ئاز. تاكسى يوق ئەمەس بار، لېكىن ئۇلار ئادەتتە يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانخانىلار ئالدىدا، ئايرودروم، پويىز ئىستانسىلىرى ئالدىدا ئازراق بار. ئەمدى ۋېلسىپىتكە كەلسەك، بىز ۋېلسىپىتنى ئەزەلدىن قاتناش قورالى دەپ كەلگەن ئەمەس. شۇڭا ۋېلسىپىت يوق دېيەرلىك. لېكىن بىزدە ۋېلسىپىت چاپتۇرۇش ھەۋەسكارلىرى بار. ئۇلار دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋېلسىپىتلىرىنى ماشىنىنىڭ كەينىگە بېسىپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ چاپتۇرۇپ ئويناپ كۆڭۈل ئاچىدۇ، بەدەن چېنىقتۇرىدۇ. ھازىر بىر تۈركۈم ياشلار ئۇنى بىر

خىل تەنتەربىيە قورالى سۈپىتىدە ئويناىدىغان بولدى.

لېنىننىڭ بۇ سۆزىنى موسكۋادىكى زەپەر مەيدانىدا ھەقىقىي چۈشەندىم. مەيداندا 12 ـ 13 ياشلار چامىسىدىكى رۇس ئۆسمۈرلىرى بېشىغا بىخەتەرلىك قالپىقى كىيىپ ۋېلىسىپىت مىنىپ پەشتاقتىن سەكرەپ چۈشۈش، پەلەمپەيگە چىقىش ـ چۈشۈش، تار رېشاتكىنىڭ ئۈستىدە مېڭىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بىر ئۆسمۈر ۋېلىسىپىتنى پەلەمپەيدىن سەكرىتىپ چۈشۈۋېتىپ يىقىلىپ چۈشتى. لېكىن ئۇ يىقىلغان جايىدا ئىنجىقلاپ ياتماي، سەكرەپ قوپۇپ ۋېلىسىپىتنى قايتا مىندى ـ دە، پەلەمپەيگە سەكرەپ چىقىش ماھارىتىنى يەنە قەتئىي نىيەت بىلەن مەشىق قىلىشقا باشلىدى. مانا بۇ ئۆسمۈرلەردىكى چىدامىلىق. مەن ۋىلادىۋوستوكقا كەلگەن كۈنىمۇ خاربىندىن بىزگە ساياھەت يېتەكچىسى بولۇپ كەلگەن جاڭ خېنىمنىڭ سۆزىنى ئويلاپ قالدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، روسىيە ئۆسمۈرلىرىدە چۈشكۈنلۈك بىر قەدەر ئېغىر ئىكەن. لېكىن بەش بارماق تەكشى بولمىغىنىدەك، باشقىلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن يامان يولغا كىرىپ قالغانلار بىلەن كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارايدىغانلار تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەھۋالنى ناھايىتى كۆپ ئۇچراتتۇق. ۋوگزال، چوڭ سودا سارايلارنىڭ ئالدىلىرىدا تاماكىنى قىڭغىر چىشلەپ، كىيىمنى رەتسىز كىيىپ ئۆتۈۋاتقانلارغا سالقىن نەزەرى بىلەن قاراپ تۇرغان ئۆسمۈرلەر بىلەن، ساياھەت نۇقتىلىرىدا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىغا ئەگىشىپ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى زىيارەت قىلىپ يۈرگەن ئۆسمۈرلەرنى ناھايىتى كۆپ ئۇچراتتۇق. ھەر يىلى 3 ـ ئاي ئۆتتۈرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىسقا دەم ئېلىشى بولسا كېرەك، ئۇلار خۇددى لاگېرغا ماڭغاندەك ئەپچىل كىيىنىپ، سومكىلىرىنى ئېسىپ پويىز، ئاپتوبۇس بىلەن شەھەر سىرتىغا ياكى باشقا شەھەرلەرگە كېتىۋېتىپتۇ. سانكىت پېتېربۇرگدىكى قىشلىق، يازلىق ساراي ئوقۇغۇچىلار بىلەن لىق توشۇپتۇ. تارىخىي يادىكارلىقلار ئالدىدا چۈشەندۈرگۈچىنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ خاتىرە قالدۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپتۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەردىن مەن مۇتلەق كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەنىلا بىلىمگە، روسىيىنىڭ كەلگۈسىگە ئىشەنچ بىلەن قارايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالدىم.

روسىيىدە كوچا ئاپتوبۇسى، تراموۋاي، تراللېبۇس، مېترو (يەر ئاستى پويىزى) بىر قەدەر كەڭرى ئومۇملاشقان، شۇنداقلا تارىخىمۇ بىر قەدەر ئۇزاق قاتناش قوراللىرى ئىكەن. كاتىيەنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، بۇ قاتناش قوراللىرىنىڭ ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ باھاسىنىڭ ئەرزانلىقىدا ئىكەن. بىر قىسىم كىشىلەر يۇقىرى كىرىملىك بولغىنى بىلەن، ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇش كاپالەت پۇلى ئاران 50 ئامېرىكا دوللىرىدىن 70 ئامېرىكا دوللىرىغىچە بولغاچقا، ئۇلار غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. شۇڭا كوچا ئاپتوبۇسىدا ماڭىدىغانلار ئاساسەن ياشانغانلار ئىكەن. چۈنكى بىر ياكى ئىككى رۇبلى تۆلەپلا بارىدىغان يەرگە بارغىلى بولىدىكەن. كۆپ قىسىم موسكۋالىقلارنىڭ نەزىرىدە مېترو ئەڭ قۇلايلىق ھەم ئەڭ تېز ماڭىدىغان قاتناش قورالى ئىكەن. تۇنجى مېترو 1937 ـ يىلى ياسالغان بولۇپ، يولنىڭ يەر يۈزىدىن چوڭقۇرلۇقى 70 مېتىر كېلىدىكەن. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يەنە 30 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولىنىپ ئىككىنچى ئايلانما مېترو بارلىققا كەلگەن. يەتتە رۇبلى بىلەن ھەر ئىككىلا مېتروغا ئولتۇرغىلى، موسكۋانىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىغا بارغىلى بولىدىغان بۇ ئالاھىدە تېز قاتناش قورالى موسكۋالىقلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك قاتناش قورالى ھېسابلىنىدىكەن.

بىز موسكۋا مېترو ئىستانسىلىرىنى كۆرمەك بولۇپ ئاپتوماتىك سىيرىلما پەلەمپەي بىلەن 1 ـ مېترو ۋوگزالىغا چۈشۈپ مېترو كۈتۈش زالىنىڭ تار، ئۇزۇن كارىدور ئىكەنلىكىنى، ئىككى تەرەپتىكى مېتروغا ئولتۇرۇش بېكەتلىرىگە كىرىش ئىشىكلىرىنىڭ ئالاھىدە ماھارەت بىلەن ياسالغانلىقىنى كۆردۇق. ياۋروپا بىناكارلىقىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئۆرنەكلىرىنىڭ يەر يۈزىدىن يۈز مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بۇ ۋوگزاللارغىمۇ جايلىشىشى ئۇلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىگە بولغان ئالاھىدە ئىخلاسىنى نامايان قىلىدىكەن.

روسىيىدىكى ماشىنىلار نومۇر تاختىسىدىكى رەڭ ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرغاچقا، شەخسىي ماشىنا بىلەن باشقا ماشىنىلارنى پەرق ئېتىش بەك ئاسانكەن. مەسىلەن: نومۇر تاختىسى ئاق بولسا شەخسنىڭ، سېرىقى چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ، قىزىل رەڭلىكى ئەلچىخانىلارنىڭ، قارا رەڭلىكى ھەربىيلەرنىڭ، كۆك رەڭلىكى ساقچى ياكى باشقا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ماشىنىلىرى ئىكەن. مەن مۇشۇ پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە يولدىن ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارغا بەكرەك قارايدىغان بولدۇم. شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، يولدا كېتىۋاتقان ياكى يول ياقىسىدا توختىتىپ قويۇلغان

ماشىنىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تېگى ئاق رەڭدىكى نومۇر تاختىسى ئېسىلغان ماشىنىلار بولۇپ شەخسلەرنىڭ ماشىنىلىرى ئىكەن. ھەتتا بىزنى ئايلاندۇرۇپ يۈرگەن ئامېرىكىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئاپتوبۇسىمۇ شەخسىينىڭ ماشىنىسى ئىكەن.

ــــ مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي كرىزىس، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي داۋالغۇشلار تەسىرىدىن روسىيە ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىدە ئۆزگىرىش بولدى. تۇرمۇش سەۋىيىمىزمۇ بەك چۈشۈپ كەتتى. لېكىن ئىشەنچىمىز كامىلكى، بىز چوقۇم يەنىلا ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايمىز، ــــ دېدى كاتىيە ناھايىتى ئىشەنچلىك قىلىپ.

لېكىن مەن تۇرمۇش سەۋىيىمىز چۈشۈپ كەتتى، دەپ قاقشاۋاتقان روسىيە ئاھالىلىرىنىڭ شەخسىي ماشىنىسىنىڭ بۇنچە كۆپلىكىدىن، بولۇپمۇ بۇ ماشىنىلارنىڭ ئامېرىكا، گېرمانىيە، ياپونىيىنىڭ داڭلىق ماركىدىكى ماشىنىلىرى ئىكەنلىكىدىن ئەجەبلەنمەي تۇرالمىدىم.

## قىزىل مەيدان ۋە كرېمىل سارىيى

مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى كرېمىل سارىيى بىلەن قىزىل مەيدان بىر ـ بىرىگە زىچ گىرەلەشكەن، چەمبەرچاس باغلانغان، موسكۋانىڭ ئەڭ ئاۋات جايلىرى ئىدى. بىز چۈشكەن مېھمانخانا دەل قىزىل مەيداننىڭ يېنىدىكى روسىيە مېھمانخانىسى بولۇپ، 100 مېتىر ماڭساقلا قىزىل مەيدانغا چىققىلى بولىدىكەن.

مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپلا سىرتقا چىقتىم. چۈنكى بۈگۈنكى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئىككى سائەتتىن كېيىن ئاندىن قىزىل مەيداننى كۆرگىلى كېلەتتۇق. شۇڭا ئىككى سائەت ساقلاپ تۇرغۇم كەلمىدى. مەن موسكۋانىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك ئورنى بولغان بۇ مەيدانغا كىرگىنىمدە، مەيداننىڭ يېرىمىنىڭ توسۇپ قويۇلغانلىقىنى، لېنىن خاتىرە سارىيىغا ساياھەتچىلەرنىڭ كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئەتراپىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم. بۇ مەيدان ئۆز ئەتراپىغا بىرنەچچە چېركاۋ، كرېمىل سارىيى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان جەڭچىلەر ئۈچۈن ياندۇرۇلغان مەشئەل قاتارلىق تارىخىي ئەسلىھەلەرنىڭ مۇشۇ مەيدانغا مۇجەسسەملەشكەنلىكى ئۈچۈن دۆلەت سىمۋولىغا ئايلانغانىكەن، دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم. كرېمىل سارىيىنىڭ سېپىلنى ئەسلىتىدىغان تېمى، مەيداننىڭ ئىككى بېشىدىكى چېركاۋ ۋە چېركاۋسىمان دەرۋازىلارنىڭ تاملىرىمۇ پۈتۈنلەي قىزىل ئىكەن. ھەتتا يىراقتىن قارىغاندا ئانچە كۆزگە چېلىقىپ كەتمەيدىغان لېنىن خاتىرە سارىيىمۇ قىزىل گرانىت تاشتا قوپۇرۇلغان بولۇپ، قىزىل مەيداننى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق قىزىل مەيدانغا ئايلاندۇرغان. مەيداننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۈچ كارىدورلۇق ئۈچ قەۋەتلىك ماگىزىندا روسىيىنىڭ قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى سېتىلغاندىن باشقا بىرقەدەر ئالىي تۇرمۇش لاۋازىمەتلىكلىرى ھەمدە كىيىم ـ كېچەكلىرى سېتىلىدىكەن. شۇڭا رۇس ئاھالىلىرى بۇ يەرگە كېلىپ قىزىل مەيداننىڭ ئاۋات مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاز ـ تولا سودا قىلىپ قايتىدىكەن. شۇڭا قىزىل مەيدان ھەر كۈنى سانسىزلىغان ئادەملەر تۇركۈمى ئىچىدە قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرە ھاسىل قىلىپ تۇرىدىكەن. بۇ جايدىكى لېنىن خاتىرە سارىيى بىر ھەپتىدە ئۈچ ـ تۆت قېتىم، بىر قېتىمدا ئۈچ سائەت ئەتراپىدا ئېچىلىدىكەن. بۇنداق چاغدا مەيداننىڭ ئىككى تەرىپى رېشاتكىلار بىلەن توسۇلۇپ ساياھەتچىلەرنىڭ مەيدانغا كىرىشىگە بولمايدىكەن.

ــــ ئەگەر تەلىيىڭلار بولسا، لېنىن خاتىرە سارىيىنىڭ ئېچىلىشىغا توغرا كېلىپ قالساڭلار لېنىننى كۆرەلەيسىلەر، ــــ دېگەنىدى ساياھەت يېتەكچىمىز جالى خېنىم سانكت پېتىربۇرگدىن موسكۋاغا قايتىش سەپىرىمىزدە، ــــ چۈنكى كۆپ ھاللاردا توغرا كېلىش تەسرەك، ئۇنىڭ ئېچىلىش ۋاقتىمۇ تازا مۇقىم ئەمەس.

لېكىن بىزنىڭ تەلىيىمىز باركەن. موسكۋاغا كېلىپ ئەتىسىلا لېنىن خاتىرە سارىيىنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. ئۇ كۈنى بىز كرېمىل سارىيىنى كۆرۈپ بولۇپ ئاندىن خاتىرە سارىيىغا كىرمەكچى بولۇپ ئەتىگەندىلا مېڭىپ كەتتۇق. قىزىل مەيداننىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىشىمىز ھامانلا ئات ئۈستىدە يىراقلارغا نەزەر سېلىپ كېتىۋاتقان بىر گېنېرالنىڭ ھەيكىلى كۆزىمىزگە چېلىقتى. ئۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان مارشال ژوكوفنىڭ ھەيكىلى ئىكەن. نۇرغۇن رۇس قىز ـ يىگىتلىرى بۇ ھەيكەل ئالدىدا رەسىمگە چۈشكىلى تۇرۇپتۇ.

بىز رەسىمگە چۈشۈۋېلىپ ئالدىراش مېڭىپ كەتتۇق. كرېمېل سارىيى ھازىرمۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ئاپپاراتى ـ پرېزىدېنت مەھكىمىسى جايلاشقان ئورۇن بولغاچقا، كىرگىچە چوقۇم بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتىدىغان گەپكەن. كرېمېل سارىيى ئىچىدە ئەينى دەۋرلەردە سېلىنغان بىنالار، چېركاۋلار بىر قەدەر زىچ ئىكەن، ئۇنىڭدىكى بىردىنبىر يېڭىلىق يېقىندىن سېلىنغان بىر زامانىۋى يىغىن زالى ئىكەن. كاتىپە بۇ يىغىن زالىنى كرېمېل سارىيىدىكى ئەڭ زامانىۋى قۇرۇلۇش، دەپ چۈشەندۈردى. دېمىسىمۇ بىز يىغىن زالىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ھەقىقەتەن زامانىۋى ئۇسلۇبتا سېلىنغان ئەڭ كۆركەم قۇرۇلۇش ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدۇق.

كرېمېل سارىيىنىڭ پرېزىدېنت مەھكىمىسى جايلاشقان تەرەپتە ئىككى بىنا بار بولۇپ، ئۇ تەرەپكە ئۆتۈش مەنئى قىلىنىدىكەن. بىز پرېزىدېنت مەھكىمىسى تەرەپتىن 30 مېتىر ئارىلىق تاشلاپ ئۇ جايدىكى چېركاۋلارنى، شۇنداقلا كرېمېل سارىيىنىڭ ئېگىز تاملىرى يېنىغا توختىتىپ قويۇلغان زەمبىرەكلەرنى كۆرۈپ ساياھىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇردۇق. كاتىپە دۆلەت بايرىقى لەپىلدەپ تۇرغان بىنادا ھازىر زۇڭتۇڭ پۇتىننىڭ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى، زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭمۇ جىددىي خىزمەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ، قاتتىق ئاۋازدا گەپ قىلماسلىقنى، ئۇياق ـ بۇياققا كۆپ ماڭماسلىقنى ئاگاھلاندۇردى. ئۇ يەنە زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ يېنىدىكى سېرىق بىنانىڭ 2 ـ قەۋىتىنى كۆرسىتىپ:

ــ ئەنە ئاۋۇ لېنىننىڭ قىرائەتخانىسى، ۋىلادىمىر ئىلىچ لېنىن ئەنە شۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلغان ھەمدە نۇرغۇن نەزەرىيىۋى ماقالە، كىتابلىرىنى يېزىپ چىققان ــ دېۋىدى، پرېزىدېنت مەھكىمىسى بىلەن لېنىننىڭ قىرائەتخانىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر پارچە سۈرەتكە چۈشۈپ قويدۇم.

كرېمېل سارىيىدىن قايتىپ چىقىپ ناھايىتى ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرغاندىن كېيىن لېنىن خاتىرە سارىيىغا كىرىپ كەلدۇق. مەن پەقەت كىنولاردىلا كۆرگەن رەسمىي داھىيلارنىڭ رەسىملىرى ئارىسىدا داۋاملىق كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان لېنىنىزم ئىدىيىسىنىڭ بەرپاچىسى، دۇنيادا قوش مېڭىلىق (بىر تەرەپتىن سۆزلەپ بىر تەرەپتىن ماقالە تۈزىتەلەيدىغان، ئىككىلا ئىشقا ئوخشاش ئىنكاس قايتۇرالايدىغان ئادەم) ئادەم، دەپ تەرىپلىنىدىغان لېنىننى كۆرۈشكە بولغان تەشنالىقىم تۈپەيلى پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقىنىمدا ئىشىك ئۇدۇلىدىكى بىر قاراۋۇل مېنى شەرەت بىلەن توختاتتى ـ دە، باش كىيىمىمنى شەرەتلىدى. مەن شۇ چاغدىلا بۇ ئۇلۇغ زاتقا ھۆرمەت بىلدۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ شىلەپەمنى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ چۈشۈپ ئىككىنچىخانىغا كىرىپ كەلدىم. لېنىن نەپىس ياسالغان خرۇستال تاۋۇت ئىچىدە ياتاتتى. مەن ئۇنىڭ خاتىرجەم ياتقان تۇرقىغا قاراپ چوڭقۇر خىيالغا كەتتىم. ئۇ شۇ تاپ ماموق ياستۇققا يېرىم چۆككەن ھالدا كۈلرەڭ ئەدىيالنى كۆكرىكىگىچە يېپىپ تورۇسقا قارىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا كەتكەندەك قىلاتتى. ئوڭ قولىنىڭ مۇشتى يېرىم تۈگۈلگەن، سول ئالقىنى ئېچىلغان ھالەتتە ياتقان بۇ سوتسىيالىزم نەزەرىيىچىسى شۇ تاپتا بىرسى يېنىك تۈرتۈپ قويسىلا لاپپىدە كۆزىنى ئېچىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ سارغۇچ كەكە ساقىلى، كۆك جىلىتكىسى ئۈستىدىن كىيىۋالغان يارىشىملىق كاستيۇمى ئۇنىڭغا ئالاھىدە بىر خىل سالاپەت بېرىپ تۇراتتى. ئۇ مانا مۇشۇنداق ياتقىلى بىر كەم 80 يىل بولدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆز دۆلىتىدە يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى، ئۇرۇشلارنىڭ توپ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ ياتتى. ئۇ يەنە تېپتىنچ ئۆزگىرىش ياسىغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشىنى كۆرۈپ ياتتى. بىر كېچىدىلا ئون نەچچە پارچە بولۇپ كەتكەن سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتنىڭ يىمىرىلىشىنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ يىمىرىلىشىنى كۆرۈپ ياتتى. ھەتتا ئۆز ھەيكەللىرىنىڭ بىر ـ بىرلەپ يىقىلغانلىقىنى، ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتالغان شەھەرنىڭ، كوچىلارنىڭ ئەسلىي نامىنى تېپىۋالغانلىقلىرىنى تۇيۇپ ياتتى. ھەممىدىن ئېچىنىشلىقى ئۆزىنىڭمۇ كۆمۈلۈش ياكى كۆيدۈرۈلۈش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ كېيىن قوغداپ قېلىنغانلىقىنىمۇ بىلىپ ياتتى. مانا مۇشۇنداق ئۆزگىرىشلەر ئۇنى يېنىك تەۋرىتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆز نەزەرىيىسىنىڭ ھېلىھەم قىممىتىنى تامامەن يوقىتىپ قويمىغانلىقىدىن رازى بولغاندەك ناھايىتى خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. كەينىمىدىن كېلىۋاتقانلارنىڭ يېنىك تۈرتۈشى بىلەن قەدىمىمنى تېزلىتىپ چىقىش ئىشىكىدىن سىرتقا چىقتىم، بىز چىققان ئىشىك دەل كرېمېل سارىيىنىڭ كەينى تېمى جايلاشقان ئورۇن ئىدى. مانا مۇشۇ قىزىل تامنى بويلاپ ياسالغان يېرىم باش ھەيكەللىرى لېنىن خاتىرە سارىيىدىن چىققانلارنى

جەلپ قىلىدىكەن، بۇ ھەيكەللەر روسىيىدە ئۆتكەن داڭلىق سىياسىيون، ئالىم، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھەيكەللىرى بولۇپ، ھەيكەللەرنىڭ ئالدىغا ئۇلارنىڭ ئىسىم فامىلىسى بىلەن تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى يېزىپ قويۇلغانىكەن، بۇ ھەيكەللەرنىمۇ ئىككى قاراۋۇل كۆزەتتە تۇرۇپ قارايدىكەن.

### ئاربات كوچىسىدىكى سەنئەتكارلار

ئاربات كوچىسى موسكۋادىكى بىردىنبىر پىيادىلەر كوچىسى، شۇنداقلا سەنئەتكارلار بىلەن قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى مەركەزلەشكەن جاي، ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىردىن ئاشىدىغان، كەڭلىكى ئون نەچچە مېتىر كېلىدىغان بۇ كوچىغا بىز چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە كىرىپ كەلدۇق. بۇ ئاربات كوچىسى ئەڭ جانلىنىدىغان چاغ بولۇپ، بىر كۈنلۈك خىزمەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرغان موسكۋالىقلار بۇ كوچىغا كېلىپ سەنئەتكارلارنىڭ بۇيۇملىرىدىن ھۇزۇرلىنىدىكەن. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئاشخانا، قەھۋەخانا، قاۋاقلاردا ئولتۇرۇپ ئۆزئارا سۆھبەتلىشىدىكەن. ناخشىچى، مۇزىكانت، رەسساملار قاتار تىزىلىپ كەتكەن بۇ كوچىدا ماڭغان ئادەم گويا سەنئەتكارلار يەرمەنكىسىگە كېلىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىدىكەن. بۇ كوچىدىكى ماگىزىنلار ھەممە كوچا ئوتتۇرىسىدىكى يايمىلاردىمۇ ئاساسەن روسىيىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى ئەسلىتىدىغان قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى سېتىلىدىكەن.

مېنى ئەڭ قايىل قىلغىنى ئاربات كوچىسىدىكى رەسساملار بولدى. بۇ يەردە قاتارلىشىپ ئولتۇرغان رەسساملار ماھارەتلىك سەنئەتكارلار بولۇپ ئاساسەن ماي بوياق بىلەن تېز سىزمىنى ئاساس قىلىدىكەن. ئۇلار تېز ھەم ئەينەن سىزىشقا ماھىر بولغاچقا ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرىدىغانلارمۇ چىقىپ تۇرىدىكەن. باھاسىمۇ ئاساسەن ئېنىق. تېز سىزما 50 رۇبلى، ماي بوياق 150 رۇبلى ئەتراپىدا ئىكەن. مەن شۇنچىۋالا كۆپ رەسسامنىڭ مۇشۇ كوچىغا يىغىلىپ ئۆزىنىڭ تالانتى ئارقىلىق پۇل تاپقاندىن باشقا، نۇرغۇنلىغان ھەۋەسكارلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئولاشتۇرۇپ ئاربات كوچىسىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتقانلىقىغا قايىل بولۇپ قالدىم. ئايال پادىشاھ يېكاتېرىنا I دىن قالغان ئۇدۇم بولسا كېرەك، رەسساملارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى چىرايلىق رۇس قىزلىرى نازاكەت بىلەن ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇۋاتاتتى. بىر پارچە ماي بوياق رەسىمى ئالاھازەل بىرەر سائەت ئەتراپىدا پۈتسە كېرەك، رەسسام ئۆزىنىڭ بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ئالدىدىكى بۇ گۈزەل قىزنىڭ لاتاپەتلىك ھۆسن ـ جامالىنى ئەينەن چۈشۈرۈپ، بىرەر تال سىزىق ياكى بوياقتىمۇ قىلچە بىخەستەلىك قىلماي رەسىمنى پۈتكۈزگىنىدە، رەسسامنىڭ ماھارىتىنى تاماشا قىلىپ تۇرغانلار قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ ھۆرمەت بىلدۈرىدىكەن، قىزمۇ ناھايىتى رازىمەنلىك بىلەن ھەققىنى تۆلەپ رەسىمنى ئېلىپ كېتىدىكەن.

رەسساملاردىن باشقا كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى ناخشىچىلار. بۇ كوچىغا يىغىلغان ناخشىچىلار ئىككى، ئۈچتىن بىر گۇرۇپپا بولۇپ مەلۇم دائىرىدە ئارىلىق تاشلاپ گىتار چېلىپ ناخشا ئېيتىدىكەن. قەيەردە ئادەم كۆپ توپلاشسا، شۇ ناخشىچى ئەڭ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىدىكەن. مەن ئاشۇ ناخشىچىلارنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ توساتتىن ناھايىتى نۇرغۇن تاماشىبىننى ئەتراپىغا ئولاشتۇرۇۋالغان ئىككى ناخشىچىنى ئۇچراتتىم. ئۇلار 30 ياشلار چامىسىدىكى ياشلار بولۇپ بىرى گىتار چالسا، يەنە بىرى ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ناخشىسى ئۆلچەملىك ناخشا ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئەلنەغمىمىزگە ئوخشاپ كېتىدىغان كومېدىيىلىك خەلق ناخشىسىدەك قىلاتتى. ناخشىچى ناھايىتى قىزىقارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن بىر كۇپلېت ناخشىسىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا تاماشىبىنلار ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. مەن ئادەمنى ئۆزىگە بۇنچىۋالا جەلپ قىلغان بۇ ناخشىنىڭ تېكىستىنى چۈشەنمىگەن بولساممۇ، ئۇنىڭ قىزىقارلىق ھەرىكەتلىرىدىن بۇ ناخشىدا سۆزلەنگەن ۋەقەلىكنى قىياسەن ھېس قىلدىم. مەن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا مەيداندىن ئايرىلىپ ئەمدىلا مېڭىشىمغا مۇنارلىق سائەت داڭ ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ ناھايىتى مۇڭلۇق بىر مۇزىكا رىتىمىگە كىردى. بۇ مۇزىكا پۈتۈنلەي چوڭ ـ كىچىك قوڭغۇراقلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغاچقىمىكىن ماڭا خۇددى يىراق چۆللۈكتىن كېلىۋاتقان كارۋانلار قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىدەك مەلۇم بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپاغا قەدەر سوزۇلغان يىپەك يولىنى ئاچقان ئەقىللىق كارۋانلىرىمىز تۆگە ۋە ئاتلارغا ئاسقان ھەر خىل مىس قوڭغۇراقلىرىنىڭ بىرلەشمە ئاۋازىدىن مانا مۇشۇنداق يىپەك يولى مۇزىكىسىنى ئىجاد قىلغان. بۇ مۇزىكا يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى ئاسىيا، ياۋروپاغىچە تارقاتقانىدى. ئەنە شۇ مۇزىكا ھازىر قوڭغۇراقلىق سائەت مۇنارىدا ئاربات كوچىسىنىڭ ئەڭ ئاۋات مەزگىلىنى پۈتۈن موسكۋاغا ئۇقتۇرۇۋاتقاندەك جاراڭلىماقتا

ئىدى. مەن بۇ مۇزىكىنىڭ ئاپتوماتىك ئورۇندىلىنىۋاتقىنىدىن گۇمانلاندىم. شۇڭا ئىتتىك مېڭىپ مۇنارنىڭ قېشىغا باردىم. گۇمانىم خاتا ئەمەس ئىكەن. سائەت مۇنارىدا بىر ئادەم، ياق، بىر ھەقىقىي سەنئەتكار بارلىق قوڭغۇراقلارنىڭ يىپىنى قول، پۇت، بەل، باشلىرىغا قەدەر چىگىۋېلىپ قول، پۇتلىرىنى رىتىملىق تارتىش، بەل، باشلىرىنى چايقاش، تولغاش ئارقىلىق ئالاھىدە ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان بۇ مۇزىكىنى چېلىۋاتاتتى. ئۇ ئالاھازەل بەش مىنۇتتىن كېيىن مۇزىكىسىنى ئاخىرلاشتۇردى. بايىلا سېھىرلىك مۇزىكىغا ئورالغان ئاربات كوچىسى بارا ـ بارا ئەسلىي ھالىتىگە قايتتى. ئەنە شۇ مۇزىكىنىڭ ئىلھامىمۇ ياكى بايا دېگىنىمىزدەك ئاربات كوچىسىنىڭ ئەڭ جانلىنىدىغان ۋاقتىمۇ ئەتىمالىم ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان رۇس قىز ـ يىگىتلىرى سەنئەتكارلارنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشقا باشلىدى. ناخشىچىلار بولسا ئاۋازىنى بىراقلا قويۇۋەتسە، مۇزىكانتلار گىتارنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە جاراڭلىق چېلىشقا باشلىدى. رەسساملار ئۆز ئەتراپىغا ئولاشقانلارنى ھەيران قالدۇرۇپ سىزىۋاتقان رەسىملىرىگە تۈجۈپىلەپ رەڭ بەرمەكتە، قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ساتىدىغانلار ھەر بىر ئادەمنى يېنىغا چاقىرىپ ئۆز بۇيۇملىرىنى سېتىش ئۈچۈن ئاۋارە، مەن بۇ سەنئەتكارلار كوچىسىدىن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا خوشلاشتىم.

## رۇس قىز ـ يىگىتلىرى ۋە پىۋا

مېنىڭ نەزەرىمدىكى رۇسلار ھاراقخۇمار، ھاراق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھېچقانداق نەرسىسىنى ئايىمايدىغان كىشىلەر ئىدى. بۇ «رۇس ھاراقكەشلىرى» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىرات ئىدى. ئۇ ئەدەبىي ئاخباراتتا بىر رۇس يىگىتى ھاراق تېپىپ كېلىش ئۈچۈن مەست ھالەتتە پاراۋوزنى ھەيدەپ يەنە بىر شەھەرگە بارىدۇ. بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئاپتورىمۇ ئاشۇ پاراۋوزدا بىللە مېڭىپ قورقىنىدىن ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتكىلى تاس قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار كېتىۋاتقان يول ئۆلچەملىك پويىز يولى بولۇپ، ئالدىدىن بىرەر پويىز چىقىپ قالسا ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلماق ناھايىتى تەس ئىدى. ئاپتور ئاشۇ جەريانىدىكى خەتەرلىك ھادىسىلەر ئارقىلىق رۇس جەمئىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان ھاراقكەشلىكنى يان تەرەپتىن تەسۋىرلىگەنىدى. شۇڭلاشقا مەن قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان رۇس ھاراقكەشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كەلگىنىمدە كۆز ئالدىمدا باشقا بىر مەنزىرە ئەكس ئەتتى. مەن ئون كۈنلۈك زىيارەتتە بولغان ئۈچ چوڭ شەھەر روسىيىنىڭ ئەڭ چوڭ ھەم داڭلىق شەھەرلىرى بولغاچقىمىكىن مۇشۇ ئۈچ شەھەرنىڭ مەدەنىيىتىدىن پۈتۈن روسىيە مەدەنىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئىدى. شۇڭا مەن ھازىر روسىيىدە ھاراقكەشلىك بارا ـ بارا پەسىيىپ پىۋاخۇمارلىق ئاشقىلى تۇرۇپتۇ، دەپ پەرەز قىلدىم. چۈنكى شەھەر كوچىلىرىدا قولىغا بىرەر بوتۇلكا پىۋىنى ئېلىۋېلىپ خۇددى مىنېرال سۇ ئىچكەندەك ئىچىپ كېتىۋاتقان رۇس قىزلىرىنى قەدەمدە بىر ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. مېنى ئەجەبلەندۈرگىنى رۇس قىزلىرىنىڭ پىۋاخۇمارلىقىلا ئەمەس، تاماكا چېكىشى بولدى. كوچىنىڭ ھەرقانداق بىر جايىدا تۇرغان رۇس قىزلىرى پىۋا ئىچكەچ تاماكا چېكىپ تۇرىدىكەن. كوچىدا كېتىپ بېرىپ تاماكا چېكىش چەكلەنمىگەن بىلەن كېتىۋېتىپ تاماكا چېكىدىغان ئادەمنى ئۇچرىتىش بەك تەسكەن. چۈنكى روسىيىلىكلەر يول ماڭغاندا بەكمۇ تېز ماڭىدىكەن. رۇس قىزلىرىنىڭ جىددىي، ئەمما مەغرۇر دەسسەپ ناھايىتى ئىتتىك مېڭىشلىرىدىن كۆز ئالدىمغا «ئىنشخانىدىكى ئىشلار» فىلىمىدىكى ئىشقا چىقىش ئالدىدىكى جىددىيلىك كەلدى. شۇڭا بۇنداق تېز مېڭىپ تاماكا چەككىلى بولمىغاندىكىن، تاماكا چەككىلى بولىدىغان جايلاردا تۇرۇپ تاماكا چېكىدىكەن، شۇڭلاشقا شەھەر كوچىلىرىدا يەرگە تاشلانغان تاماكا قالدۇقىنى تاپماق تەس. چۈنكى ھەرقانداق بىر كوچىدا 10 ـ 20 مېتىردا بىر ئەخلەت ساندۇقى قويۇلغان بولۇپ، بۇ ساندۇقلارنىڭ بەزىلىرى داتلاشماس پولاتتىن، بەزىلىرى تاشتىن ياسالغانىكەن. ئۇنى ياساشتىمۇ تاماكا چېكىدىغانلارنى ئېتىبارغا ئېلىپ قورساق قىسمىغا ئەخلەت تاشلىسا باش قىسمىنى كۈلدان شەكلىدە ياساپ تاماكا كۆتىكىنى تاشلايدىغانغا شارائىت يارىتىپ بەرگەنىكەن. تاماكا چېكىدىغانلار ئاشۇ كۈلدانلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تاماكا چەككەچ پىۋا ئىچىشىدىكەن. قىزلار بىر نەچچىسى بىرلىكتە يول ياقىسىدىكى ئورۇندۇق ياكى رېشاتكىلار يېنىدا تۇرۇپ تاماكا چەككەچ پىۋا ئىچىشىدىكەن. ئەگەر يېنىدا تاماكا قالمىسا ئالدىغا ئۇچرىغان خالىغان بىرسىدىن تاماكا سورايدىكەن، مەن بۇ ئىشلارغا ھەيران قېلىپ كاتىپەدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم.

—رۇس قىزلىرىنىڭ تاماكا چېكىشى بۇرۇندىن تارتىپ باركەن. قىزلار تاماكا چېكىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەركەكلەردىن قېلىشمايدىغان خاراكتېرىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا قىزلىق لاتاپىتىنى نامايان قىلىدۇ. پىۋا بولسا بىزنىڭ نەزەرىمىزدە

سۈيۈق بولكا، ئۇ بىزنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىمىزغا سىڭگەن بىر خىل ئىچىملىك تۈرى، شۇڭا ھەرقانداق روسىيىلىك پىۋىنى ياخشى كۆرىدۇ.

— مەن يېقىندا بىر ماقالە ئوقۇغانىدىم، ئۇنىڭدا رۇس قىزلىرىنىڭ «ئەرگە تەگسەڭ پۇتىنىدەك ئەرگە تەگ» دېگەن ناخشىنى ئوقۇيدىغانلىقى يېزىلغان. بۇنىڭغا ئۇنىڭ ھاراق ئىچمەي پىۋا ئىچىدىغانلىقى سەۋەب بولغانمۇ؟

— پۇتىن بىز قىزلارنىڭ نەزەرىدە ھەر تەرەپتىن تەڭ يېتىلگەن ھەقىقىي ئەركەك. ئۇ سالاپەت، قىياپەتتىلا ئەمەس، بەلكى دۆلەت باشقۇرۇشتىمۇ ئالاھىدە ئىقتىدارلىق. شۇڭا رۇس قىزلىرى دالا سەيلىلىرىدە ياكى پىۋا ئىچىپ كۆڭلى ئېچىلىپ قالغان چاغلىرىدا ئاشۇ ناخشىنى ئېيتىدۇ.

— سىزمۇ ئېيتالامسىز؟ — دېدىم مەن.

— مەنمۇ رۇس قىزى بولغاندىكىدىن ئەلۋەتتە ئېيتالايمەندە، — دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ.

— ئۇنداق بولسا ئېيتىپ بەرمەمسىز، بىزمۇ ئاڭلاپ باقايلى، — دېدىم مەن.

— ياق، بۇ ناخشىنى يالغۇز ئېيتالمايمەن، چۈنكى ئاۋازىم ياخشى ئەمەس، دوستلىرىم بىلەن بىرلىشىپ ئېيتىپ باققان، — دېدى ئۇ مەندىن كەچۈرۈم سوراپ.

— سىلەر دۆلەت باشلىقىنى تىلغا ئېلىپ ناخشا ئېيتساڭلار بۇ ياخشى ئىش. لېكىن ئۇنى پىۋا ئىچىدۇ، دەپلا ئۇنى دوراپ پىۋا ئىچكىلى تۇرساڭلار قانداق بولغىنى، بۇ قېتىمقى سايلامدا ئۇ زۇڭتۇڭ بولالماي باشقىسى بولسا قانداق قىلىسىلەر — دېدى ياتاقدىشىم جاڭ خۇيرۇي قىزىقچىلىق قىلىپ.

— مەن بايا دېدىمغۇ، پىۋا بىزنىڭ نەزەرىمىزدە سۈيۈق بولكا، دەپ، پۇتىن پىۋا ئىچكەنلىكى ئۈچۈنلا ھەممىمىز پىۋاخۇمار بولۇپ كەتكىنىمىز يوق. بىز رۇسلار ئەزەلدىن ھاراق بىلەن پىۋىغا ئامراق خەلق. مەسىلەن: يېلتسىننى ئالساق ئۇ بىر ھاراقكەش. ئۇ ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالسىلا زۇڭلى ئالماشتۇرۇپ يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان روسىيىنى تازا تەرەققىي قىلدۇرالمىدى. چۈنكى ھەممە نەرسىنىڭ چېكى بولۇشى كېرەك. مانا ماۋۇ يازغۇچى ئوبدان بىلىدۇ، خاراكتېر كۆپ ھاللاردا ئادەمگە قوماندانلىق قىلىدۇ.

مەن كاتىيەنىڭ شۇنچە كۆڭلەردىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۆز دۆلىتى ھەمدە رەھبەرلىرى توغرىسىدا باھا خاراكتېرلىك گەپ قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئويلاپ قالدىم. يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىدا پۇتىن دەۋرىنى روسىيىنىڭ مۆتىدىل دەۋرى دېگەندەك قىلغان. چۈنكى ئۇنىڭ ھاراق ئىچمەي پىۋا ئىچىشىنى، ئېغىر - بېسىق خاراكتېرىنى روسىيە تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى.

## زەپەر دەرۋازىسى ئويغاتقان ھېسلار

زەپەر دەرۋازىسى ئادەتتە فرانسىيىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدىغان بىر قۇرۇلۇش. فرانسىيىدىكى زەپەر دەرۋازىسىنى دوراپ خېلى نۇرغۇن شەھەرلەر زەپەر دەرۋازىسى سالغان بىلەنمۇ لېكىن، فرانسىيىنىڭ زەپەر دەرۋازىسىدەك بىر شەھەرنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشىغا ئايلىنالمىدى. شۇڭا پارىژ تىلغا ئېلىنغان ھامان كىشىلەر ئىختىيارسىز ئېيفېل تۆمۈر مۇنارى بىلەن زەپەر دەرۋازىسىنى ئېسىگە ئالغىنىدەك ھەرقانداق بىر داڭلىق شەھەرنىڭ ئەنە شۇنداق شەھەر سىمۋولى بولىدىكەن.

بىز 29 - مارت موسكۋادىكى ئەڭ داڭلىق مەيدان 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ياسالغان زەپەر باغچىسىغا كەلدۇق. زەپەر باغچىسىغا يېتىپ كېلەي دېگەندە بىزگە ناھايىتى كۆركەم ياسالغان بىر دەرۋازا ئۇچرىدى.

— مانا بۇ زەپەر دەرۋازىسى، — دېدى كاتىيە ئىپتىخارلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — ئۇ پارىژدىكى زەپەر دەرۋازىسىدىنمۇ چىرايلىق، بىز مۇشۇ دەرۋازىدىن ئۆتسەكلا زەپەر مەيدانىغا (باغچىسىغا) يېتىپ بارىمىز.

مەن زەپەر دەرۋازىسىغا تەپسىلىي قاراپ بولغىچە ئاپتوبۇس دەرۋازىدىن ئۆتۈپ كەتتى. پارىژدىكى زەپەر دەرۋازىسىنى كىنولاردا ناھايىتى كۆپ كۆرگەنلىكىمىز ئۈچۈنمىكىن، ئۇ بىزگە ئاساسىي جەھەتتىن تونۇشلۇق ئىدى. مانا بۇ دەرۋازىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغان دەرۋازا ئىكەن. ئۇنىڭدا ياۋروپا بىناكارچىلىقى بىلەن رۇس ھەيكەلتىراشلىقى زىچ گىرەلەشكەچكە قۇرۇلۇش ئىنتايىن كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك ئىكەن. بىز بۇ دەرۋازىدىن ئۆتۈپ 100 مېتىر مېڭىپلا مەيدانىغا يېتىپ كەلدۇق. مەن ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا بۇ دەرۋازىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ رەسىمگە چۈشتۈم - دە، بۇ دەرۋازىنىڭ

تارىخنى بىلمەك بولۇپ كاتىيەنىڭ يېنىغا كەلدىم:

ــ بۇ دەرۋازا مۇشۇ مەيدان بىلەن بىرگە ياسالغانمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

ــ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس، ــ دېدى ئۇ كەسكىن ھالدا، ــ بۇ پارىژدىكى زەپەر دەرۋازىسىدىن بۇرۇن ياسالغان. بۇمۇ بىر قىزىقارلىق ھېكايە، ــ ئۇ مېڭىپ كېتىۋېتىپ سۆزلىشىشنى شەرەت قىلغاچ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ ئەسلىدە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فرانسىيە بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپتۇ. بۇ ئۇرۇش خېلى ئۇزاققا سوزۇلغان بولسا كېرەك. لېكىن ئۇرۇشتا قايسى تەرەپنىڭ يەڭگىننى بىلگىلى بولمايدىكەن. لېكىن روسىيە ئۇرۇشتا بىز يەڭدۇق دېسە، فرانسىيە بىز يەڭدۇق دەيدىكەن. ئىشقىلىپ ئۇلار بىر ـ بىرىگە قايىل بولمايدىكەن. ئاخىر روسىيە ئاشۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن مۇشۇ دەرۋازىنى ياسىتىشقا باشلاپتۇ. بۇ ئىشنى ئاڭلىغان فرانسىيە ھۆكۈمىتى قاتتىق ئاچچىقلاپ ناھايىتى تېزلىكتە بىر زەپەر دەرۋازىسى ياساشنى، بۇ دەرۋازىنىڭ روسىيە ياساۋاتقان دەرۋازىدىن چوڭ ھەم كۆركەم بولۇشنى تەلەپ قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن فرانسىيىدىمۇ بىر زەپەر دەرۋازىسى ياسىلىشقا باشلاپتۇ. لېكىن ئۇلار بۇ دەرۋازىنى بىزدىن ياخشى، كۆركەم ياساش ئۈچۈن قايتا ـ قايتا لايىھىلەپ، بۇزۇپ ياساپ دېگەندەك 30 يىلدا ئاران پۈتكۈزۈپتۇ. ئاڭلىشىمچە ئۇ دەرۋازا بىزنىڭكىدىن يوغانمىش. لېكىن يوغان بولسىلا ھېسابمۇ، ئۇنى ئاشۇنداق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىلغان بىز، ئەگەر بىز ياسىمىغان بولساق ئۇلار ياسىمايتتى، شۇڭا، بىز بۇ زەپەر دەرۋازىسىدىن پەخىرلىنىمىز، بىزنى زەپەر يولىغا باشلايدىغان موسكۋادىن پەخىرلىنىمىز...

مەن زەپەر مەيدانىدىكى كۆككە باش سوزغان مۇنارسىمان تۈۋرۈكنى، تۈۋرۈككە چاپلاپ ئىشلەنگەن ئۇرۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەيكەللەرنى، مەيدانغا ياسالغان ھەر خىل شەكىلدىكى گۈللۈك ۋە چىملىقلارنى، ھەرقايسى دىنلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئورتاق جەڭ قىلىش ئاساسىدا قولغا كەلگەن غەلىبىسىنىڭ شەرپى ئۈچۈن ياسالغان ئىسلام، كاتولىك، خرىستىئان دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ مۇقەددەس تاۋاپگاھى مەسچىت، چېركاۋلارنى زىيارەت قىلىپ يۈرۈپ بۇ مەيدانغا ئالاھىدە مەبلەغ سېلىنغانلىقىنى، بولۇپمۇ كېيىنكى ئەۋلادلارغا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنىڭ ئوڭاي قولغا كەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىنىڭ مۇشۇ مەيدانغا مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ــ بۇ قۇرۇلۇشلار پەقەت ئۇرۇش ئەسلىمىلىرىنى تونۇتۇشلا ئەمەس، بەلكى روسىيە مەدەنىيىتىنىمۇ تونۇتۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەنە قاراڭلار، بۇ قۇرۇلۇشلاردا زامانىۋىلىق بىلەن قەدىمىيلىك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندىن باشقا، ياۋروپا بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئۆرنەكلىرى مۇشۇ جايغا مۇجەسسەملەنگەن، ــ دېدى كاتىيە قايتىش سەپىرىمىزدە.

ــ روسىيىدىكى قۇرۇلۇشلار ئاساسەن ئۈچ دەۋرنىڭ مەھسۇلى، ــ دېگەنىدى ئۇ بىز موسكۋاغا كەلگەن كۈنىمىز شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ كېتىۋېتىپ، ــ ئەنە ئاۋۇ ئەڭ قەدىمي قۇرۇلۇشلار چارروسىيە دەۋرىدىكى قۇرۇلۇشلار، ئۇلار ئىككى، ئۈچ ئەسىرنى باغاشلىغان مۆتىۋەر قۇرۇلۇشلار، ئىككىنچىسى، ستالىن دەۋرىدىكى قۇرۇلۇشلار، ئۈچىنچىسى، خروششېۋ دەۋرىدىكى قۇرۇلۇشلار، بۇ ئۈچ دەۋر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بار. لېكىن بىز خروششېۋ دەۋرىدىكى قۇرۇلۇشلاردىن رازى ئەمەس. ئۇ ھوقۇق تۇتقان مەزگىلدە ناھايىتى كۆپ ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىنى سالدۇرغان. لېكىن ئۇ بىر خىل ئۆلچەمدىكى 35 كۋادرات مېتىردىن 75 كۋادرات مېتىرغىچە بولغان ئۆيلەرنى سالدۇرغان ھەمدە بۇ ئۆيلەرنى ھەرقايسى ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ تەقسىم قىلىپ بېرىشىگە تاپشۇرغان. مانا مۇشۇ خىل تەڭ تەقسىمات تۈزۈمى بويىچە سېلىنغان ئوخشاش تىپتىكى ئۆيلەرگە كىنايە قىلىپ ئىشلەنگەن «تەقدىرنىڭ چاقچىقى» دېگەن فىلىمنى كۆرگەن بولغىيتڭلار. موسكۋا بىلەن سانكىت پېتىربۇرگتىكى ئۆيلەر ئوخشاش بولغاچقا، ھەتتا ئاچقۇچلىرىمۇ ئوخشاش چىقىپ قېلىپ بىر قاتار مۇھەببەت پاجىئەلىرى كېلىپ چىقىپتۇ. ھازىر كىشىلەر ئۇنداق كىچىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ھازىر سېلىنىۋاتقان ئولتۇراق ئۆيلەر ناھايىتى چوڭ ھەم زامانىۋى تۈستە سېلىنىۋاتىدۇ. لېكىن بىز يەنىلا چارروسىيە دەۋرىدە سېلىنغان قۇرۇلۇشلاردىن پەخىرلىنىمىز. چۈنكى ئۇ دەۋردىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ لايىھىلىنىشى ئۆزگىچە، مەزمۇت ھەم كۆركەم. ئۇ سىرتىدىن قارىغاندا كونىدەك كۆرۈنگەن بىلەن يەنە بىر نەچچە ئەسىرنىمۇ ئۆزىتىپ قويالىغۇدەك مەزمۇت. چۈنكى ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز بۇ بىنالارنىڭ ئۇلىدىن تارتىپ تاملىرىغىچە پۈتۈنلەي گرانىت تاش ئىشلەتكەن.

مەن روسىيىنىڭ بۇ ئۈچ چوڭ شەھىرىدە مۇشۇنداق نەچچە ئەسىرگە گۇۋاھ بولىدىغان قۇرۇلۇشلارنى كۆپ كۆردۈم.

دېمىسمۇ ئۇ قۇرۇلۇشلار ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكىدىن باشقا مۇستەھكەملىكى بىلەن ھازىرمۇ ئوخشاشلا ئىشلىتىلىپ كېلە-ۋېتىپتۇ. ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ئېچىۋېتىلگەن بۇ قۇرۇلۇشلار ئۆزىنىڭ قوش خىزمەت قىلىشتەك ئۈستۈنلۈكى بىلەن رو-سىيە ساياھەتچىلىكىگە بەلگىلىك تۆھپە قوشۇپ كېلىۋېتىپتۇ.

ئەڭ ئۇزۇن بىر كۈن ۋە ئەڭ قىسقا بىر كۈن

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك قۇياش يەر شارىنى دەۋر قىلىدۇ. يەر شارىمۇ ئۆز ئوربىتىسىدا ئوخشاشلا ئايلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر ـ بىرىنى دەۋر قىلغان ئايلىنىش ئىنسانلارغا تۆت پەسلىنى ئاتا قىلغاندىن باشقا كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئاپىرىدە قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى تەڭشەپ تۇرۇۋاتىدۇ. غايەت زور يەر شارىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قۇتۇپلىرىدىن باشقا جايلار ئاساسەن كۈن ۋە تۈننىڭ ئادىل تەقسىماتىدىن بەھرىلىنىدىغان پەقەتلا غايەت زور يەر شا-رىدىكى ھەممىلا جايغا چېچىلىپ كەتكەن ئىنسانلاردا پەقەت ۋاقىت پەرقىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 10 مىڭ كىلومېتىردىن، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 5000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان روسىيە فېدېراتسىيە 17 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئوشۇق زېمىنغا ئىگە بولغاچقا شەرقىي قىسىم ۋاقتى بىلەن غەربىي قىسىم ۋاقتى ئارىسىدا يەتتە سائەت پەرق بار ئىكەن. شۇڭا بىزنىڭ موسكۋاغا قاراپ ئۇچقان ۋاقتىمىز كۈندۈز بولغاچقا ئەڭ ئۇزۇن بىر كۈننى، ۋىلادىۋوستوكقا قاراپ ئۇچقان ۋاقتىمىز كەچقۇرۇن بولغاچقا ئەڭ قىسقا بىر كۈننى كۈتۈۋالدۇق.

26 ـ مارت موسكۋاغا قاراپ ئۇچقان كۈنىمىز ۋىلادىۋوستوك ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت 1:30 مىنۇت ئۆتكەن چاغ ئىدى. موسكۋاغا ۋىلادىۋوستوك ۋاقتى 10:40 مىنۇت ئۆتكەندە، يەنى توققۇز سائەت ئون مىنۇتتا يېتىپ كەلگەندۇق. بۇ چاغدا ۋىلادىۋوستوكتا ئالللقاچان كېچىلىك ئۇيقۇ باشلانغان ۋاقىت بولۇپ تۈن يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقانىدى. بىراق موسكۋادا بولسا ئەمدىلا چۈشتىن كېيىن سائەت 3:40 بولغان بولۇپ كۈن تېخى ئەمدىلا چۈشتىن قىيىلغانىدى. ئارىلىقتا توققۇز سائەت ۋاقىت ئۆتكەن بىلەن تېخى كەچ كىرمىگەچكە ئايروپىلاندىن چۈشۈپ يەنە ئىككى قېتىم غىزالىنىشقا توغرا كەلدى. دېمەك، بىز ئايروپىلاندىكى ئىككى قېتىملىق تاماقنى قوشقاندا بىر كۈندە ئالتە قېتىم غىزالاندۇق، قۇياش بولسا 20 سائەت ئەتراپىدا يەر زېمىننى يورۇتۇپ تۇردى.

30 ـ مارت موسكۋا ۋاقتى كەچ سائەت 6:30 مىنۇت ئۆتكەندە ئايروپىلان ۋىلادىۋوستوكقا قاراپ ئۇچتى. ئايروپىلان موسكۋادىن قوزغىلىپ بىرەر سائەتتىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. بىز موسكۋا ۋە سانكىت پېتېربۇرگتىكى پائالىيەتلىرىمىز ھەققىدە ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، كەچلىك تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئاز ـ تولا كۆز يۇمغان بولدۇم. بىر چاغدا قارىسام ئايروپىلان دېرىزىسى يورۇپ كېتىپتۇ. نېمە ئىش بۇ دەپ سىرتقا قارىسام تاڭ سۈزۈلۈپتۇ. مەن ھەيران بولۇپ سائىتىمگە قارىدىم، سائەت موسكۋا ۋاقتى 11:30 نى كۆرسىتىپ تۇراتتى. دېمەك بىز ئارانلا تۆت سائەتلىك بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپتۇق. ئەمەلىيەتتە ھازىر موسكۋادا ئەمدىلا يېرىم كېچىگە قەدەم قويغان چاغ ئىدى. تۆمۈريول، تاش-يوللارنىڭ داۋانلىرى بولغىنىدەك موسكۋاغا توققۇز، توققۇز سائەت ئون مىنۇت ئۇچقان ئايروپىلان ۋىلادىۋوستوكقا سەككىز سائەتتىلا يېتىپ كەلدى. بۇ موسكۋا ۋاقتى كېچە سائەت 2:30 مىنۇت ئۆتكەن چاغ بولۇپ ۋىلادىۋوستوكتا بولسا ئەتىگەن سائەت 9:30 مىنۇت ئۆتكەنىكەن. بۇ ئارىلىقى 9000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان روسىيە ئۈچۈن ھەيران قالغۇچە-لىكى يوق بىر ئىش بولسىمۇ ئەڭ ئۇزۇن بىر كۈن بىلەن ئەڭ قىسقا بىر كۈننى كۆرگەن چاغدىكى كەيپىياتىمىز ئۆزگىچە بولدى. بۇ بەلكىم مېنىڭ سەپەر خاتىرەمدىكى ئاجايىپ بىر مۆجىزە بولۇپ ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

تىل ۋە دۇنيا

دۇنيادىكى 5 ملياردتىن ئاشىدىغان ئاھالىگە تەقسىم قىلىنغان تىل ھازىرچە 3000 خىلدىن ئاشىدۇ. مانا مۇشۇ 3000 خىلدىن ئاشىدىغان تىل دۇنيا ئاھالىسى ئىچىدە ھەر خىل مىللەت ۋە ئىرقلارنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەپ كەلدى، شۇنداقلا بىر نەچچە خىل تىلنىڭ يەر شارىلىشىشىنى كەلتۈ-رۈپ چىقاردى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان دۆلەت ياكى مىللەتلەرنىڭ تىلى دۇنيادا ئورتاق قوللىنىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن: ھازىر ئىنگلىز، خەنزۇ، فرانسىيە، رۇس، ياپون، ئەرەب ۋە گېرمان تىللىرى ئاساسىي جەھەتتىن خەلقئارا جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان ھەم ئۆگىنىۋاتقان تىل بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇ تىللاردىن بىرەر، ئىككىنى

بىلىۋالغان ئادەم ئاساسەن دۇنيانى چۆرگىلىسە تىل قىيىنچىلىقىغا ئۇچراپ قالمايدىغان بولۇپ قالدى.

بىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئانچە كۆتۈرۈلمىگەچكە تىل ئۆگىنىش مەسىلىسىنى ئانچە ئويلاشمايلا مەكتەپ پۈتكۈزدۇق. ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن گېزىتخانىغا تەقسىم قىلىنىپ مۇخبىرلىق، مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىمىز ئۈچۈن ئوخشاشلا تىل جەھەتتە بىزگە بېسىم بولمىدى. گەرچە شۇ مەزگىللەردە شەھىرىمىزدە تىل ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، ھەر خىل چەت ئەل تىلى كۇرسلىرى ئېچىلغان بولسىمۇ، بىزگە تىل ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ بۇ خىل يېڭى ئېقىمغا سەل قاراپ قالدۇق. لېكىن مەن ئەنە شۇنداق بىخۇدلۇق ئىچىدە خەلقىمىزنىڭ «كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرلىقى يوق» دېگەن ماقال ــ تەمسىلىنىڭ ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغان ھېكمەتلىك سۆز ئىكەنلىكىنى، چەت ئەل تىلىدىن ئىبارەت بۇ «كېرەكلىك تاش»نىڭ ھامىنى ئەسقاتىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن.

موسكۋادىن سانكت پېتېربۇرگقا ماڭغان چېغىمىزدا يولۇچىلار ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، بىز 38 ئادەم بىر نەچچە ۋاگونغا چېچىلىپ كەتتۇق. مەن 9 ــ ۋاگوننىڭ 27 ــ كارىۋىتىنى ئىزدەپ ئاشۇ بۆلۈمنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىنىمدا 50 ياشلار چامىسىدىكى ئاق پىشماق، كۆك كۆز، چاچلىرى ئاقىقا مايىل سېرىق بىر ئەر بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا سەمرىگەن ئايالى ھەمدە 25 ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز، زىلۋا، چېچى قىزىلغا مايىل قوڭۇر، بەئەينى مودېل قىزلارغا ئوخشايدىغان بىر رۇس قىزنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مېنىڭ ئىشىكنى ئېچىپلا تۇرۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ ھېلىقى ئەر ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قولۇمدىكى سومكامنى ئېلىپ ئىشىك ئۈستىدىكى سومكا قويىدىغان روجەككە ئالدى ــ دە، يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشنى شەرەت قىلدى. مەن ئىشىكنى ياپتىم ــ دە، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم.

بۇ ياتاقداشلىرىم بىر ــ بىرىدىن قىزغىن كىشىلەر ئىكەن. ئۇلار ماڭا قاراپ بەس ــ بەستە سۆزلىگىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۇقالماي، يا جاۋاب قايتۇرالماي ھودۇققىنىمدىن تەرلەپ كەتتىم. شۇ ھامان بۇنىڭدىن ئون ئاي ئىلگىرىكى ھېلىقى چۈشۈم، گەپ ئۇقتۇرالماي تەرلەپ كەتكىنىم يادىمغا كەلدى. خۇداغا شۈكۈر، ھەر نېمە بولسا بىزنىڭ تىلىمىزدا رۇس تىلىدىن كىرگەن بەزى سۆزلەرنىڭ بارلىقى ھەرھالدا مېنىڭ ئىما ــ ئىشارەتكە ئارىلاشقان قىسقا ــ قىسقا سۆزلەر ئارقىلىق ئاز ــ تولا سۆزلىشىمگە پايدىسى بولدى، مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ دېگەن يېرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن ئۇلار جاۋابىمدىن رازى بولۇشتى. لېكىن ئۇلار يەنىلا مېنىڭ سۆزلەشمنى ئۈمىد قىلاتتى، ئەپسۇس مېنىڭ بىلىدىغىنىم ئاشۇ بىزنىڭ تىلىمىزغا كىرىپ قالغان بىر نەچچە ئېغىز سۆزلا بولغاچقا سۆزلىشىشىم زور چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئاشۇ تىلىمىزدىكى رۇسچە ئاتالغۇلار، شۇنداقلا ئىنگلىزچە «رەھمەت»، «كەچۈرۈڭ»، «ھەئە»، «ياق»، «خەيرخوش» دېگەندەك سۆزلەرنى بىلىۋالغانلىقىم ئۈچۈن ئاشۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەنمۇ ئۆز كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئۇقتۇرغاندەك بولدۇم. لېكىن ئاشۇ قىزغىن سەپەرداشلىرىم بىلەن بىر نەچچە جۈملە سۆز ئارقىلىق پاراڭلىشالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئەپسۇسلاندىم. ئەتىسى ئەتىگەن پويىز توختاپ بىز خوشلىشىش ئۈچۈن سومكىنى قولغا ئالغىنىمىزدا ھېلىقى ئەر قىزغىنلىق بىلەن قولۇمنى چىڭ سىقىپ خوشلاشتى ھەمدە ئۆز ئۆيىنىڭ سانكت پېتېربۇرگتا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ مېنىڭ مېھمان بولۇپ بېرىشىمنى تاپىلىدى. مەن ئۇنىڭ چىقىشقاقلىقىدىن سۆيۈندۈم. لېكىن ئۇنىڭغا پەقەت ئەمدىلا ئۆگەنگەن رۇسچە «رەھمەت» دېگەن سۆزنىلا قىلالىدىم. ياندىكى ياتاقتا مۇشۇ قېتىمقى سەپەردىكى ياتاقدىشىم، خوتەن ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى باش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جاڭ خۇيرۇي ئورۇنلاشقانىدى. ئۇنىڭ ياتىقىدىمۇ ئۈچ رۇس يىگىتى باركەن. ئۇلار ئىنگلىز تىلىدا پاراڭلىشىپتۇ. جاڭ خۇيرۇي چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى خوتەن ئۆلكىلىك سۈيى تازىلىق سايمانلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭمۇ لىدىرى بولغاچقا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن چەت ئەللەرگە ناھايىتى كۆپ چىققانىكەن. شۇڭا ئۇ مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان پات ــ پات ۋاقىت چىقىرىپ ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ ئادەتتىكىچە سۆزلىشىشتە ئانچە قىينىلىپ كەتمەيدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلگەندىن كېيىن كۈلۈپ كەتتى.

ــ ھەي يازغۇچى، يازغۇچى ــ دېدى ئۇ كۈلكىسىنى ئاران توختىتىپ ــ چەت ئەلگە چىقىدىغان بولغاندىكىن رۇسچە ئادەتتىكىچە سۆزلىشىش قوللانمىسىدىن بىرنى ئېلىۋالساڭ بولمامدۇ. ئۇلارغا ھېچقانداق گەپنى ئۇقتۇرالمىساڭ سەن قىلماقچى بولغان سۆزنى كىتابتىن كۆرسەتسەڭ ئۇلار سېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى چۈشىنەلەيدۇ، ئەمەسمۇ.

مەن تۇرۇپلا جاك خۇيرۇينىڭ سۆزىنى ئويلاپ قالدىم. توغرا، ھازىر كىتابخانىلاردا مەخسۇس ساياھەتچىلەر ئىشلەتىدىغان رۇسچە، ئىنگلىزچە قوللانما كىتابلار كۆپ بولۇپ كەتتى. ئاشۇ كىتابلاردىن بىرەرنى ئېلىۋېلىش پەقەت يادىمغا كەلمەپتۇ. بۇلتۇر بىر سورۇندا ئاغزىدا ئوبزور يېزىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىرەيلەن: «يازغۇچى دېگەننىڭ ھېسسىياتى ئالدىدا، ئەقلى كەينىدە ماڭىدۇ» دېۋىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىر سائەت زاكۇنلاشقانلىقىم يادىمغا كەلدى. ئويلاپ باقسام يازغۇچىنىڭلا ئەمەس، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھېسسىياتى ئالدىدا، ئەقلى كەينىدە قالىدىغان چاغلىرى بولىدىكەن. شۇڭا بىز مۇشۇ تىل ئۆگىنىشتە بولسىمۇ ھېسسىياتىمىز بىلەن ئەقلىمىزنى تەڭ ئىشقا سېلىپ تىلدىن ئىبارەت بۇ بايلىقنى ھەرگىز قولدىن بەرمەسلىكنى ئۆگىنىشىمىز كېرەكتەك قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئۆزىمىزلا ئەمەس، پەرزەنتىمىزمۇ ئەنە شۇنداق تىل ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەپ كەلگۈسىگە يارامىلىق ئەۋلاد بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. مەن تېخى بېيجىڭدا تۇرغان كۈنلىرىمدە بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ ئۆز تىلىدىن باشقا خەنزۇ، ئىنگلىز، ئەرەب تىلىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى بىر كارخانىدا تاشقى مۇناسىۋەت بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورلىقىنى قىلىپ ئېيىغا 20 مىڭ يۈەن مائاش ئېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. مۇنداق مىساللار ھازىر بەكمۇ كۆپ. چۈنكى ھازىر ئىقتىساد يەر شارىلاشتى، دۆلىتىمىز خەلقئارا سودا تەشكىلاتىغا كىردى، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتتا كۆپ خىل تىل ئىگىلەش—نۆۋەتتىكى خىرىسنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى بولۇپ قالدى. مۇشۇ سەپەردە مەن بۇ خىل خىرىسنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ئوبدانلا ھېس قىلدىم، تىل ئۆگىنەيلى، بىلىم ئىگىلەيلى، بۇ بىزنىڭ تەرەققىياتىمىز ئۈچۈن كۆۋرۈك ئىكەنلىكى يادىمىزدىن چىقمىسۇن!

## ئەپسۇسلۇق ئىچىدىكى خىياللار

بۇ قېتىم خارىبىندا ئېچىلغان «تەرەققىيات ۋە يېڭىلىق» تېمىسىدىكى ئالىي مۇھاكىمە يىغىنىغا كارخانا باشلىقلىرى، شۇنداقلا ئاخبارات، نەشرىيات سىستېمىسىدىكى رەھبىري خادىملار قاتناشقان بولۇپ، كارخانا مەدەنىيىتى، ئىسلاھاتى، دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنكى يېڭىلىقلار مۇھاكىمە قىلىنغانىدى. شۇڭلاشقا بىزنىڭ گۇرۇپپىدىكى ئاخبارات، نەشرىيات سىستېمىسىدىن كەلگەن خادىملار بۇ قېتىمقى روسىيە سەپىرىنى بىر قېتىملىق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش سەپىرى، مەدەنىيەت سېپىدىكى خادىملار بىلەن ئۇچرىشىش، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش سەپىرى دەپ چۈشەنگەنىدۇق. ئەپسۇس، بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزگەن بېيجىڭ شەھەرلىك جۇڭتەيرىن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزى (شىركىتى) يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىزنى خارىبىن شەھەرلىك تۇلپار ساياھەت شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ ساياھەت شىركىتى روسىيىدىكى ساياھەت شىركەتلىرى بىلەن زەنجىرسىمان مۇناسىۋەت ئورناتقاچقا ئون كۈنلۈك سەپەرنى مىنۇت ـ سېكۇنتىچە توغرىلاپ، كۆرۈش نۇقتىلىرى، شۇنداقلا بىز چۈشىدىغان مېھمانسارايى، ئولتۇرىدىغان ئايروپىلان، پويىز، ئاپتوبۇسلارغىچە بېكىتىپ بولغانىكەن. شۇڭا روسىيە زېمىنىغا قەدەم قويۇشىمىز بىلەنلا بىز پەقەت ساياھەت نۇقتىلىرىنىلا ئايلىنىپ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ياكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى بىلەن ئۇچرىشىش دېگەندەك خىياللىرىمىز توزغاقتەك توزۇپ كەتتى.

روسىيە ھەيكەل بىلەن مۇزېي ھەمدە داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرى كۆپ دۆلەتلەرنىڭ بىرى. روسىيىدە داڭلىق سىياسىيونلارنىڭ ھەيكەللىرىدىن باشقا ئالىم، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى، شۇنداقلا ئەدىب ـ سەنئەتكارلارنىڭ ھەيكەللىرى بەك كۆپ. ھەتتا ئۇلارنىڭ نامى بويىچە ئاتالغان كوچىلار، مەھەللىلەرمۇ بار. شۇڭا بىز ئاشۇ ئەدىب ـ سەنئەتكارلارنىڭ ھەيكەللىرى بىلەن بولسىمۇ ئۇچرىشىپ ئۇلار بىلەن خاتىرە قالدۇرساق دېگەن ئارمانلارنى قىلىشقانىدۇق. ئەپسۇس ئارمانلار ئارمان پېتى قالدى، ساياھەت شىركىتى بەلگىلىگەن ساياھەت نۇقتىلىرىنى كۆرسىتىش بىلەنلا ئاۋارە ئىدى.

27 ـ مارت سەھەردىلا سانكت پېتىربۇرگقا يېتىپ بېرىپ سانكت پېتىربۇرگ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ساياھىتىمىزنى باشلىدۇق. كەچتە سانكت پېتىربۇرگنىڭ دۇنياغا داڭلىق بالېت ئۇسسۇلىنى كۆرمەكچى بولۇپ كېتىۋاتقىنىمىزدا بىر چوڭ يولنىڭ يان تەرىپىدىكى كىچىككىنە باغچىسىمان ھويلا كۆرۈندى. ساياھەت يېتەكچىمىز لىنا ھەدەپ ئەتراپتىكى بىنالارنى تونۇشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ توساتتىن يان تەرەپتىكى ھېلىقى كىچىك ئورمانزارلىق ئىچىدىكى ھەيكەلنى كۆرسىتىپ «ئاۋۇ پۇشكىننىڭ ھەيكىلى» دېۋىدى، يۈرىكىم ئىللىق بىر ئېقىم تەسىرىدىن يېنىك تىترەپ كەتتى. ئەنە بىر رۇس شائىرى، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئۇلۇغ ئەدىب خۇددى ئۆزىنىڭ مەشھۇر سىياسىي لىرىكىسى «سىبىر تۈتقۇنلىرىغا

مەكتۇپ»نى جاراڭلىق ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلغاندەك ئۇلۇغ قولنى كۆتۈرۈۋالغاندى.

—ئاپتوبۇسنى توختىتىڭ!—دەپ ۋارقىراشتى بىر نەچچەيلەن تەڭلا ماڭا ئەگىشىپ،—بىز پۇشكىن ھەيكىلى ئالدىدا رەسىمگە چۈشىمىز.

ـ قاراڭلار،—دېدى لىنا پۇشكىن ھەيكىلى ئەتراپىنى كۆرسىتىپ،—قار ـ مۇزلار ئېرىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئىچى پاتـ قاقچىلىق، ئەتىلەرگىچە كەلسەك.

—ياق، پاتقاق بولسىمۇ بارىمىز—دېدىم مەن.

ئاپتوبۇس توختىدى. بىزگە 15 مىنۇت مۆھلەت بېرىلگەنىدى. راستىنلا كېچىسى توڭلاپ، كۈندۈزى ئېرىپ تۇرغان مۇشۇنداق باش ئەتىيازدا بۇ كىچىك ئورمانزارلىقنىڭ ئىچى چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى. بىز ئىشتىنىمىزنى سەل كۆتۈرۈپ مۇز پارچىلىرىنى ئاۋايلاپ دەسسەپ يولدىن 20 مېتىر ئىچكىرىسىگە ياسالغان پۇشكىن ھەيكىلى ئالدىغا كەلدۇق ـ دە، رەسىمگە چۈشتۇق.

—روسىيەدە ئۆتكەن داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ھەيكەللىرى، مۇزېيلىرى، شۇنداقلا كۇتۇپخانىلىرى بار،—دېدى لىنا ئاپتوبۇس قوزغالغاندىن كېيىن پەخىرلەنگەن ھالدا،—لېكىن سىلەرنىڭ ساياھەت لىنىيىڭلاردا بۇنداق مەزمۇن بولمىغاچقا بىز سىلەرنى ئۇ يەرلەرگە ئاپىرالمىدۇق، كەچۈرۈڭلار.

ئۇنىڭ دېگەنلىرى بەرھەق ئىدى. ئۇنىڭ ئوڭايسىزلانغان ھالدا كەچۈرۈم سورىشى بىزنى پەسكويغا چۈشۈردى. لېكىن كۆڭلىمىزدە ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان ئارمانلار ئارمان پېتى قېپقالدى.

روسىيە تەسىراتلىرىنى يېزىۋېتىپ ئۆززۇمچە مۇشۇ تەسىراتلار ئارقىلىق كىتابخانلارغا نېمىنى ھېس قىلدۇرارمەن، دېگەن ئويلاردا بولدۇم. ئويدانراق ئويلاپ باقسام بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىش ياساپ بىر نەچچە دۆلەتكە پارچىلىنىپ كەتكەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىكى بەزى ئىشلارنى سۆزلەپ قويۇشىمۇ بىر ساياھەتچىنىڭ بۇرچى دېيىشكە بولىدىكەن. چۈنكى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى روسىيىنىڭ بۇرۇنقى شانلىق مەدەنىيەتلىرى ئىچكى داۋالـ غۇش، شۇنداقلا ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشى تۈپەيلى كەينىگە يانغاندەك قىلغان بىلەن ھازىر ئۆزىنى خېلىلا ئوڭشىۋالغاندەك قىلدۇ. بۇنىڭ بىرلا مىسالى بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇنقى رۇبلىنىڭ قىممىتى بىلەن ھازىرقى قىممەت ئوتتۇرىسىدىكى ئاسمان ـ زېمىن پەرقتە، ئەلۋەتتە.

2003 ـ يىل، ماي

## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەـ دەنىيەت تەتقىقات، ئۆرپ ـ ئادەت، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، خەلق ناخشىلىرى، مۇقام، خەلق ئويۇنلىرى، مەشرەپلىرى، قول ھۇنەر ـ سەنئەت، دىنىي ئېتىقاد... قاتارلىق مەزمۇنلاردا ئەسەرلەر ئېلان قىلىندۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئۈنۈان باھالاشتا ئېتىراپقا ئېرىدـ شىدۇ. شۇڭا ئاپتورلارنىڭ بىز بىلەن يېقىندىن ئالاقە قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

تېلېفون نومۇرى: 4554017 — (0991)



# مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىلىم - پەن روھى ۋە كېلەچەك

مەھمۇد بېشبالىقى

ئىپار قاچىلىغان تۇلۇمدىن ئىپارنى ئېلىۋەتسىمۇ پۇرىقى قالىدۇ.

—مەھمۇد قەشقەرى

مەھمۇد قەشقەرى (1005 _ 1102) ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناسى ۋە دۇنياغا مەشھۇر ئالىمى. ئۇ بىزگە ئەبەدىي يادىكارلىق قىلىپ قالدۇرغان مەشھۇر ئەسەر «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) 11 _ ئەسىردىن ئىلگىرىكى قەدىمىي تۈركىي تىللار ھەم ئۇيغۇر تىلى مەدەنىيىتى ھەققىدىكى قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا قەدىمىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى، جۇغراپىيىسى، فولكلورى، ئەدەبىياتى، مىللىي مەدەنىيىتى ھەققىدىكى مول مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك خەزىنىدۇر.

مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى بولۇپلا قالماي، يەنە ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى. ئۇ ياراتقان ئىلىم _ پەن بايلىقى ئېلىمىز ۋە دۇنيا ئىلىم _ پەن تەرەققىيات تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئېلىمىز ۋە ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. بۇ قىممەتلىك ئىلىم _ پەن ئەسىرىنىڭ ئالىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىقىنى قۇتلۇقلاۋاتقان بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۆز رەڭگىنى ۋە ئىلمىي قىممىتىنى جۇلالاندۇرۇپ تۇرۇشى ئالىمنىڭ يۈكسەك ئىلىم _ پەن روھىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، جارى قىلدۇرۇش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» مەھمۇد قەشقەرى ئىلىم ـ پەن روھىنىڭ روشەن ئەينىكى. بىز بۇ ئەينەكتىن ئەسەرنى ئۇلمەس قىلىپ تۇرغان بۈيۈك سىرلارنى كۆرەلەيمىز. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىلىم ـ پەن روھىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلاردىن تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ:

**بىرىنچى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قېتىرقىنىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش، سىستېمىلىق ۋە كەڭ دائىرىلىك بىلىم ئۇستىدە ئىزدىنىش روھى**

مەلۇمكى، ئىلىم ـ پەن دۇنيا سىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى چەكسىز بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىلىشنىڭ ۋەزىپىسىمۇ چەكسىز بولىدۇ. ئۈزلۈكسىز بىلىم ئىزدەش ۋە قېتىرقىنىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئىلمىي مۇقەررەر روھنىڭ تەلىپىدۇر. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھايات پائالىيىتىگە ۋە ئىلمىي ئەسىرىدىكى كەڭ مەزمۇنلارغا نەزەر ئاغدۇرغاندا ئالىمنىڭ ئۆمۈربويى ئىلىمنى دوست تۇتۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغانلىقىنى، چەكلىك بىلىم بىلەن قانائەتلەنمەي، ئىلىمنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشقا ئىنتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئالىمنىڭ ھاياتى بىز ئۈچۈن بىر روشەن ئەينەك. ئۇنىڭ ئىلىم سۆيەرلىكى، ماددىي مەئىشەتلەرگە قىزىقماسلىقى، پۈتكۈل ھاياتىنى ئىلىم ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقى، ئىلىم يولىدا جاپالىق ئىزدىنىۋاتقان ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئىلھام بولىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەت مەنبەيى. مەسىلەن، ئۇ قاراخانىلار خانزادىلىرىدىن بولۇپ، ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى، ئوقۇمۇشلۇق ئىلىم ئەھلى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئانىسى بۇۋى رابىيە يۇقىرى مەلۇماتلىق، پەزىلەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر ئايال بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرىنى كىچىكىدىن تارتىپ ئەتراپلىق، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتلارنى ئەينى چاغدىكى مەركىزى ـــ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرق بويىچە ئالىي دەرىجىلىك بىلىم يۇرتى قەشقەردە، ئۇ ئۆز كىتابىدا ئۇستازىم دەپ تىلغا ئالغان ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرى قاتارلىق ئالىملار مۇدەررىسلىك قىلىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئالغان. كېيىن ئۇ يەنە بۇخارا، سەمەرقەند، مەرۋى، نىشاپۇر قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان. ئىسلام تارىخى ۋە پەلسەپىسى، «قۇرئان»، «ھەدىس» لەرنى پۇختا ھەم چوڭقۇر ئۆگەنگەن. ئۇ ئىسلام مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتىن ئاۋۋال قېتىرقىنىپ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى ئەستايىدىل، پىششىق ئۆگەنگەن. بۇ ئۇنىڭ ئۆز بىلىمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئىلمىدە تېخىمۇ كامالەتكە يېتىشى ئۈچۈن ئاساس ھەم كۆۋرۈك بولغان. ئەرەب تىلىنى ياخشى ئىگىلىگەن ئالىم تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتشۇناسلىققا دائىر بىلىملەرنى سىستېمىلىق ئىگىلىگەندىن كېيىن، يەنە بۇ جەھەتتىكى مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب تىلشۇناسلىقى، پارس تىلشۇناسلىقى، ھىندى تىلشۇناسلىقىغا دائىر ماتېرىياللاردىن خەۋەردار بولغان ①. بىز يەنە «دىۋان»نىڭ تېماتىك مەزمۇنى ۋە ئېنسىكلوپېدىك ئالاھىدىلىكىگە قاراپمۇ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ چوڭقۇر بىلىملىك، ئەتراپلىق ئىزدەنگەن ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. مەسىلەن، ئەسەردە ناھايىتى كەڭ مەزمۇنلارغا نەزەر ئاغدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا قەدىمىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئائىت قىممەتلىك مەلۇماتلار، يەنى يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىقى، ھۈنەر ـ سەنئەت، ئۆي ـ ئىمارەت، شەھەر، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تېبابەتچىلىك، چالغۇ ئەسۋابلار، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەت، ئاسترونومىيە، مۆچەل، كالېندارچىلىق، گېئوگرافىيە، خەرىتىچىلىك، ئىجتىمائىي تۈزۈم، تەبىقە، كىشى ئىسىملىرى، پەلسەپە، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر ئاتالغۇلار، دەرىجە، ئۇنۋان ناملىرى، لەشكىرىي ئاتالغۇلار، تىلشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىققا ئائىت مەزمۇنلار تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن ②. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن 8000 غا يېقىن سۆزلۈك، 300 پارچە خەلق ماقال ـ تەمسىلى، ئەقلىيە سۆزلەر، 242 كۇپلېت شېئىرىي پارچە، 72 قەبىلە ـ ئېتنىك نامى، 75 يەر جاي ـ ئىسمى قاتارلىقلارنى تاللاش ۋە رەتلەپ، توغرا ئىپادىلەپ بېرىشمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي ئەمگەك، ئەقلىي كۈچ، ئىستىبدات تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالىم توپلىغان ئەدەبىي پارچىلار، ئەقلىيە سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن پەل-

سەپۋى ئىدىيلەر ناھايىتى ئىلغار بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقـ
ىنىڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمي
تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئالەم قاراشلىرى، يۇلتۇز ۋە پەسىللەر
قارىشى، زېمىننىڭ يۇمىلاقلىقى، مۆچەل بەلگىلەش تارىخى
ۋە ئۇسۇلى، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئۆتكۈنچىلىكى، ئىنساپ-
پەرۋەرلىك، ئىنسانىي بەخت ـ سائادەت، ئىلىم ـ پەن،
ئەدەپ ـ ئەخلاق، ۋەتەنگە مۇھەببەت، گۈزەللىكنى سۆ-
يۈش، خەلقلەر دوستلۇقى ئىدىيلىرى تونۇشتۇرۇلغان ③ .
بۇ پارچىلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تاللىنىشى بىزگە ئالىمنىڭ
يىراقنى كۆرىدىغان، توختىماي بىلىم ئىزدەيدىغان، ئىدد-
يىسى ئىلغار، كىچىك پېئىل كىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇ-
رۇپ بېرىدۇ. دىققىتىمىزنى تېخىمۇ قوزغايدىغىنى كىتابتـ
كى ئاسىيا خەرىتىسى (دائىرە). بۇ خەرىتىنىڭ تۈزۈلۈشـ
دىكى ئىلمىيلىكتىن بىز مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز
تاكامۇللۇققا يۈزلەنگەن شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايـ
مىز.

**ئىككىنچى، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمە-
لىيەتتىن ئىزدەش، ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش، ئەمەلىي
ئىسپاتنى ئاساس قىلىش، ئەستايىدىللىق ھەم مۇشكۈ-
لاتچىلىق روھى**

ئەمەلىيەتچانلىق ئىلمىيلىكنىڭ ئاساسى. ئىلمىي تەتقـ
قاتتا ئازراقمۇ ساختىلىقنى ئارىلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىـ
لىم ـ پەن بىزدىن چوقۇم ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرگە
ھۆرمەت قىلىپ، ھەقىقەت ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىپ، با-
تۇرلۇق بىلەن خەلققە بەخت ـ سائادەت يارىتىشىمىزنى
تەلەپ قىلىدۇ. ئىلمىي روھنىڭ ئۆزى ماتېرىيالىزملىق
روھتۇر. ئۆزلۈكسىز تۈردە ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش
ئىلمىي روھنىڭ تەلىپىدۇر. شۇنداقلا ھەقىقىي تەتقىقاتچـ
نىڭ بۇرچىدۇر. مەھمۇد قەشقىرى بۇ نۇقتىدا بىزگە ئۈلگە
بولغۇدەك روھقا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئەمەلىيەتچىللىكى،
ھەقىقەتكە، ئىلىمگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئەستايـ
دىللىقى، مۇشكۈلاتچىلىقى، بىۋاستە، ئەمەلىي تەكشۈرۈپ
تەتقىق قىلىش روھى بىزنىڭ ئەينەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيـ
دۇ. بىزگە مەلۇمكى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش
روھى ئۆزىگە ئىلمىنى، پەننى قەدىرلەش، ئىلىمگە نىسبە-
تەن سەممىمىي ۋە كەڭ قورساق بولۇش، ئۇچۇق ـ يورۇق،

پاك دىل بولۇش، قەيسەر، ئېگىلمەس ـ سۇنماس ئىرادىگە
ئىگە بولۇش قاتارلىق ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز تەربىيە-
لەيدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، كىشىلىك
پەزىلەت ۋە ئەخلاقنىڭ نۇرىدۇر. ھەقىقىي پاكىت توپلاش،
پاكىتنى ئاساس، ئەمەلىيەتنى ئۆلچەم قىلىش يالغۇز كىشى-
لىك پەزىلەت ۋە ئەخلاق مەسىلىسىلا ئەمەس، ئىلىم ـ پەن
مەسىلىسىدۇر. ئۇ كىشىلەردىن راستچىللىقنى، ئەمەلىي گەپ
قىلىشنى، ئەمەلىي ئىشلەش ۋە ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى تە-
لەپ قىلىدۇ. ھەرقانداق يالغانچىلىق ۋە باشقىلارنى ئاز-
دۇرۇشنىڭ ھەممىسى ئاقىۋەتتە دۆلەت ۋە خەلقنى قايـ
مۇقتۇرىدۇ ۋە زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى ئۆز
كىتابىغا ھېچقانداق يالغانچىلىق ۋە ساختىلىق ئارىلاشـ
تۇرمىغان. ئۇ قەيسەر، ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھ بىلەن
ھەقىقەت ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىۋا-
ستە يۈزلەنگەن. ئۇ گەرچە خان ئەۋلادى بولسىمۇ، را-
ھەت ـ پاراغەتكە بېرىلمەي، ئىلمىي ئىشلىرىنىڭ ئەمەلگە
ئېشىشى ئۈچۈن قەشقەر، بالاساغۇن، خارەزىم، پەرغانە،
بارسغان، تالاس، ئىسپىجاپ، قوچۇ، بېشبالىق، ئىلى
دەريا ۋادىلىرى، گەنسۇ داللىرى ۋە موڭغۇل يايلاقلىرد-
غىچە بولغان پايانسىز كەتكەن داللارنى كېزىپ، كەڭ
كۆلەمدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ④ . ئالىم
ئۆز كىتابىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇ تۈرك-
لەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان
قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق
قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيـ
زىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە
مەھەللىلىرىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك،
تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلە-
رىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ ئۇلاردىن پايدى-
لاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ
دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا
رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم. ئەبەدىي
يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ
قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ بۇ كىتابنى تۈزۈپ
چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دەپ ئات
قويدۇم» ⑤ . دېمەك، مەھمۇد قەشقىرى تەخمىنەن 15

يىللىق تەكشۈرۈش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا ئىسلام مەدەنىيىتى گۈللەنگەن شەھەر باغدادقا بېرىپ، بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنى خۇلاسىلىغان. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ سان ـ ساناقسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە، خەۋپ ـ خەتەرلەرگە يولۇققانلىقى مۇقەررەر. ئەمما ئۇ ئىلىم ھەم ھەقىقەت يولىدا رىيازەت چېكىشكە رازى بولۇپ ۋە ئۇنى يېڭىپ، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ ئىشەنچلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا يۈزلىنىپ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزىۋى ئەسەرنى يېزىپ چىققان. ھەقىقەتەن، ئىلىم ـ پەن تارىخىدىكى ھەر بىر ھەقىقەت، ھەر بىر نەتىجە، ھەر بىر بۆسۈشنىڭ ئۆزى ئىلىم ئۈچۈن ئاغلىق كۈرەش قىلىش، ھەقىقەتكە تايىنىش، ئىلىم ـ پەنگە تايىنىش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئىلىم ـ پەن ئۈچۈن قۇربان بېرىشلەر بەدىلىگە كەلگەن. ئىلمىي روھنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بىر تەرىپى ھەقىقەتكە ئىنتىلىش، ئۇنىڭغا ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە قۇربان بېرىش روھىدۇر. ئىنسانىيەت ئىلىم ـ پەن تارىخى بۇنى روشەن كۆرسىتىپ بەردى. ئوتتۇرا ئەسىردە ئاسىيا ۋە ياۋروپادا ھەقىقەت ۋە ئىلىم ـ پەن ئۈچۈن تۆلەنگەن قۇربانلار، قانلىق بەدەللەر بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

**ئۈچىنچى، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئىلمىنى، ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ۋە تىلنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش، كەمتەرلىك ھەم مەغرۇرلانماسلىق روھى**

مەھمۇد قەشقىرى ئۆز كىتابىدا «قۇت بەلگىسى بىلىك»، (بەخت بەلگىسى بىلىم)، «ئەردەم باشى تىل» (ئەخلاق بېشى تىل) دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە كىتابىدا پەزىلەت ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەش، پەزىلەتلىك بولۇش، ئىلىم ئەھلىنى قەدىرلەش، كەمتەر بولۇش، ئۆگىنىشتە مەغرۇرلانماسلىق ھەققىدە مەخسۇس پارچىلارنى قالدۇرغان. مەسىلەن:

«ئىلگىرى پەزىلەت ئىگىلىرى ئىلىم تېغىدەك كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار كۆپ نەسىھەتلەر قىلغانىدى. شۇلاردىن كۆڭلۈم يورۇيدۇ».

«ئەي ئوغۇل مېنىڭ نەسىھىتىمگە قۇلاق تۇت، ئەلدە بۈيۈك ئالىم بول، بىلىمىڭنى تارقات».

«ئىلىم ـ ھېكمەت ئىزدە، ئۆگىنىشتە مەغرۇرلانما، نادان كىشى ماختانسا سىناق ۋاقتىدا مات بولۇپ قالىدۇ».

مەلۇمكى، ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇش، كەمتەرلىك، ئالىيجاناب پەزىلەت يېتىلدۈرۈش، ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش، يېنىكلىك بىلەن ئۆز تۆھپىسىدىن مەغرۇرلانماسلىق، بىر تەرەپلىمىلىك، سۇبيېكتىپلىق، جاھىللىق، شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىق ئالىملاردىكى ئەقەللىي ئەخلاق ـ پەزىلەتتۇر. ئالىم بولغان كىشى نام چىقارغاندىن كېيىن، چوقۇم ئۆزىدىنىڭ ئايرۇيغا، ئىجتىمائىي تەسىرىگە مەسئۇل بولۇشى، ئۆز ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشى، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. مەھمۇد قەشقىرى باشتىن ـ ئاخىر ئۆز ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگە سەممىي سادىق بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە قىلچە مەغرۇرلانماي، مەدرىس مەكتەپلەرنى قۇرۇپ ياش ئىلىم ـ ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈرگەن. راھەت ـ پاراغەت، ھوقۇق، پۇل، مال ـ مۈلۈك يولىغا قىزىقماي جاپالىق ھەم پايدىلىق ئىلىم ـ پەن يولىدا قان ـ تەر تۆككەن. بۇنىڭدىن بىز ئالىمنىڭ قانچىلىك پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ئۇ ئىلمىنى ئۆگىنىش بىلەن پايدىلىق يوللارغا ئىشلىتىشنى، ئىلىم ئارقىلىق خەلققە پايدا يەتكۈزۈشنى، تىل ئۆگىنىشنىڭ خاسىيىتىنى تەكىتلىگەن. تىلنىڭ ئىلىم ئىگىلەشتىكى، مىللەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشتىكى، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم رولىنى تونۇغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئۆز ئانا تىلىنىڭ مۇتەخەسسىسى بولۇشتىن باشقا، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلەپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ داڭلىق لۇغەتنى ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەينى دەۋردىكى ئىلىم ـ پەن تىلى دەپ قارالغان ئەرەب تىلىدا يېزىپ چىققان. ئۇ ئۆز ئانا تىلىنى مۇستەھكەم قوغداپلا قالماي، يەنە دۇنياۋى تىللارنى پىششىق ئىگىلەپ، ئۆز خەلقىنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيەت بايلىقىنى باشقا ئەللەرگە تونۇتۇشنىڭ نادىر ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ بۇ خىل ئىگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرىدىغان روھىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

**تۆتىنچى، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، ئالدىن-**

### قىلاردىن هالقىپ كېتىش روهى

يېڭىلىق يارىتىش روهى ئىلمىي روهنىڭ مۇهىم تەركىبىي قىسمىدۇر. ئۇ ئىلىم ـ پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ هاياتىي كۈچى، مىللەتنىڭ جېنى، دۆلەتنىڭ گۈللەپ تەرەققىي تېپىشىنىڭ تۈگىمەس هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئىلىم ـ پەننىڭ ماهىيىتى يېڭىلىق يارىتىش، ئۈزلۈكسىز تۈردە بايقاش، كەشىپ قىلىش بولۇپ، تارىختىكى ئىلمىي بايقاش ۋە ئىلىم ـ پەندىكى بۆسۈشنىڭ هەممىسى يېڭىلىق يارىتىشنىڭ نەتىجىسى. مەهمۇد قەشقىرىدە يېڭىلىق يارىتىش روهى ناهايىتى ئۈستۈن بولغان. ئۇ ئەينى دەۋرنىڭ تەلىپىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، دەۋر تەلەپ قىلغان ئېهتىياجنى ئۆز ۋاقتىدا قاندۇرغان. ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىشنى — ئۇيغۇر ۋە قەدىمىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۇنجى لۇغىتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىلىم ـ پەن تارىخىغا ئۆچمەس تۆهپە قوشقان. ئالىم يەنە كىتابنى قانداق يېزىش ئۈستىدىمۇ كۆپ باش قاتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلگەن. كۆپ ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ يېڭى ئۇسۇل يەنى هېچكىم قوللىنىپ باقمىغان ئۇسۇل بىلەن كىتابنى يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇ بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن هېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە هېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاهىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم. بۇ يازغان ئەسىرىم تەلەپكە ئۇيغۇن بولسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بىرمۇنچە قائىدىلەرنى تۈزۈپ، يېڭى ـ يېڭى ئۆلچەملەرنى قويدۇم ... ئىلگىرىلەشنى خالىغۇچىلارغا توغرا نىشان كۆرسىتىپ، كەڭ يول ئېچىپ بېرىش، يۈكسىلىش تىلىكىدە بولغۇچىلارغا شوتا قويۇپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم» ⑥ . ئۇ يەنە «مەن بۇ كىتابنى هېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئەلەر (قاپىيىلىك نەسر)، ماقال ـ تەمسىللەر، بېيىت ـ قوشاقلار، رەجەزلەر (قەهرىمانلىق داستانلىرىدىن پارچىلار) ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزەپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم. ئۆگەنگۈچى ۋە قىزىققۇچىلارنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن، بىر نەچچە يىللار مۇشەققەت چېكىپ سۆزلەرنى جايى ـ جايىغا قويدۇم، تۇتۇقلىرىنى ئاچتىم. چىگىشلىرىنى يەشتىم» ⑦ دەيدۇ. دېمەك، مەهمۇد قەشقىرى ئۆز ئەسىرىنى شەكىلدىن مەزمۇنغىچە تامامەن يېڭىچە بىر ئۇسۇلدا، ئۆزگىچە يېڭى بىر قۇرۇلمىدا تۈزۈپ چىققاندى. بۇنىڭدىن ئالىمنىڭ جاپاغا چىداش روهى، ئەستايىدىللىق روهى، ئىجادچانلىق روهى، بۆسۈپ ئۆتۈش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش روهىغا ئىنتايىن باي ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ.

### بەشىنچى، ئەجداد روهى ۋە كېلەچەك

«ئالىمنىڭ ئەمگىكى — پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مۈلكى، شۇ سەۋەبتىن ئىلىم ـ پەن ئەڭ غەرەزسىز سەپ هېسابلىنىدۇ» دەيدۇ ماكسىم گوركى. ئىنسانىيەت ئىلىم ـ پەن تارىخى دەۋردىن دەۋرگە ئۇلىنىپ، بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلدى. بۇ جەرياندا مەهمۇد قەشقىرىگە ئوخشاش ئىلمىي روهقا باي سان ـ ساناقسىز ئالىملار هەقىقەت ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى ـ يېڭى ئىلىم ـ پەن نەتىجىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى هەمدە ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆهپىلەرنى قوشتى. ئەمما بۇ جەرياندا يەنە بىر قىسىم ساختا ئىلىم ئىگىلىرىمۇ يېتىشىپ چىقتى ۋە ساختا ئىلىم، ساختا هەقىقەتلەر بىلەن كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، جەمئىيەتكە ئېغىر زىيانلارنى سالدى. لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇ خىل ساختىلىقلارنىڭ نىقابى ئېچىپ تاشلىنىپ، تارىخ سەهنىسىدىن چۈشۈپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە ئىلمىي روهنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى قايتا ـ قايتا تەكىتلىنىۋاتىدۇ. ئەمما ساختىلىقنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان تۇپراق هېلىهەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ نىسبەتەن ئارقىدا قالغانلىقى ۋە ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان فېئودال مەدەنىيەتنىڭ قالدۇق تەسىرى ساقلانغانلىقى ئۈچۈن ئاۋام ئارىسىدا فېئودال نادانلىقنىڭ بەزى نەرسىلىرى بەلگىلىك دەرىجىدە بازار تاپماقتا. بەزى يېڭى شەكىلدىكى ساختا ئىلىملەرمۇ باش كۆتۈرمەكتە. ئىلىم ـ پەنگە ئەهمىيەت بەرمەسلىك، هەتتا بەزىدە ئىلمىي روهقا خىلاپ قىلمىشلارنى سادىر قىلىش

ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكلىكى ھەققىدە مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ۋە ھەقىقەت نامى بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن ئەخمىقانە ئىدىيە، قاراش، ھۆكۈملەرنىڭ ئىلىم ـ پەن نامىنى، ئىلىم ـ پەن ئوبرازىنى بۇلغىشى، ياش ئەۋلادلارنى قايمۇقتۇرۇشى تېخىمۇ خەتەرلىك بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغۇر ساختا ‹ئىلىم› ھادىسىسى ئۆز تەبىئىتى بىلەن، يالغان نىقاپ، تار مەزھەپ، يۇقىرى ـ تۆۋەننى ئالداش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. نەتىجىدە ‹ئىلىم› نامىدا ئىلىم دەپسەندە قىلىنىپ، مىللەتنىڭ ساغلام بىر پۈتۈن ئىلىم ـ پەن تۈزۈلمىسى پارچىلىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئىچكى ئەخلاقىي ئۇيۇشۇشچانلىقى بىلەن تاشقى ئىززەت ـ نومۇسى يەكسان بولۇشقا يۈزلىنىدۇ. روشەنكى، ھەقىقەتنىڭ ئەڭ چوڭ كۈشەندىسى ساختىلىق، نادانلىق، تەنتەكلىك، جاھىللىق ۋە قەبىھلىكنىڭ ھەقىقەت ھەتتا تەنتەكلىكنىڭ ھەقىقەت قىياپىتىدە پىكىر يوللىرىنى قامال قىلىۋېلىشىدىن ئىبارەت» ⑧ . ھەقىقىي ئىزدىنىش، ئەمەلىي ئىشلەش، جاپالىق قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن ئىلىملا ئۆز نوپۇزىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالالايدۇ ۋە كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزەلەيدۇ. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرى بۇ جەھەتتە بىزگە ئۆچمەس ئۈلگە تىكلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەن روھى ئۈزلۈكسىز ھەقىقەت ئىزدەيدىغان، ھەقىقەت يولىدا ھەر قانداق جاپا ـ مۇشەققەتتىن قاچمايدىغان، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكىدىغان، راست سۆزلەيدىغان، ئىلىمگە بارلىقىنى بېغىشلايدىغان، مەغرۇرلانمايدىغان، خالىس تۆھپە قوشىدىغان، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىدىغان، دەۋرنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىدىغان روھتۇر. بىز ياشلار مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىلىم ـ پەن روھىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ ۋە ئۇنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىلىم يولىدا راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قاچماي قەيسەرلىك بىلەن ئالغا بېسىشىمىز، قەتئىي مەغرۇرلانماسلىقىمىز، پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق كىشىلەردىن بولۇشىمىز كېرەك. كېلەچەك بىزنى چاقىرماقتا، بىزنىڭ قانداق روھ بىلەن كېلەچەككە يۈزلىنىشىمىز ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى بىلەن زىچ باغلانغان. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىلىم ـ پەن روھى بىزنى كېلەچەككە يېتەكلەيدىغان نۇرلۇق مەشئەل. بىز بۇ نۇرلۇق مەشئەلدىن كۆزىمىزگە نۇر ئېلىپ، ئىلىم ـ پەننىڭ نوپۇزى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز، ئىلمىي ھەقىقەت يولىدا ئەبەدىي ئىزدىنىشىمىز لازىم.

ئىزاھاتلار

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى، 421 ـ بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب 427 ـ ، 428 ـ بەتلەر.
③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 206 ـ بەت.
④ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 421 ـ بەت.
⑤ مەھمۇد قەشقىرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1 ـ توم، 3 ـ بەت.
⑥ مەھمۇد قەشقىرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1 ـ توم، 7 ـ بەت.
⑦ مەھمۇد قەشقىرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم، 4 ـ ، 5 ـ ، 6 ـ ، 7 ـ بەتلەر.
⑧ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 302 ـ بەت.

ئاپتورلار سەمىگە:
ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇندىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم ـ فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.
«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# ئۇرپا رىتسىپلىرى



### قۇندۇز قىرىنىڭ خاسىيەتلىرى

قۇندۇز قىرى بادە كەردە، بادە رەھمى، بادە قۇلۇنجلارنى دەپئىي قىلۇر. ئەگەر قۇندۇز قىرى بولمىغاندا تۆمۈر تىكەننى ئوبدان پىشقان ۋاقتىدا ئېلىپ كۆلنىگدە قۇرۇتۇپ يانجىپ، ئەلگەپ، يەنە كۆك پەلىزنىڭ ئۇچىنى ئورۇۋېلىپ ھاۋانچىدا چالا يانچىپ، ئۆزىنىڭ سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، يەتتە كۈن ئۆز سۈيىگە سىڭدۈرۈپ يېسە، قۇندۇز قىرىنىڭ خاسىيىتىنى بېرۇر. بۇنىڭغا يەتتە كۈن بولغاندىن كېيىن، بىر پاتمانغا بەش مىسقال ئاق چاچكا، تۆت دانە ھەلىلە، بەش مىسقال مەستىكى قوشۇپ بارابەر ھەسەل بىلەن مەجۇن ياساپ يېگەي.

### پارپىنىڭ خاسىيىتى

پارپىنىڭ يۈز يىگىرمە تۈرلۈك خاسىيىتى بار دېيىلىدۇ. پارپىنىڭ ئوبدىنى ھىندىستانىنىڭدۇر. ھىندىستان پارپىسىنىڭ رەڭگى قارا بولۇر، ختاي زېمىنىنىڭ بىنەپشە رەڭلىك چوڭ بولۇر. ئۇل ھەم ئوبداندۇر. پارپا قۇۋۋىتى باھنى زىيادە قىلۇر. پارپىنى يېرىم پۇڭدىن يېرىم مىسقالغىچە شاراپ بىلەن ئىچۇر. ئادەمنى سېمىز قىلۇر، ئادەمنىڭ باشىدىن ئاياغىغىچە بىتامام ئىللەتلەرگە، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ئاغرىقلارغا، قان، بەلغەم، سەپرا، سەۋدالارغا پايدا قىلۇر. پارپا قۇرۇق ئىسسىقتۇر. مىزاجى تولا لەتىپتۇر. جىق يېسە ئۇچۇگدە جاراھەت پەيدا قىلۇر. ئاز ـ ئاز يېسە خاسىيىتى تولادۇر.

### بوزباغىنىڭ خاسىيىتى

بوزباغى قۇرۇق ئىسسىقتۇر. رۇتۇبەت (ھۆللۈك)تىن بولغان ئىللەتلەرگە، ئىرقۇنىسا (ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى)، پالەچ ۋە سەرئىي كېسەللىكلىرىگە قۇرۇق يېسە زىيان قىلۇر، ھەسەل بىلەن يېسە ـ ئىچسە ناھايىتى ياخشى پايدا قىلۇر.

### مەجۇنى پىلاسپەنىڭ خاسىيەتلىرى

ھۆكۈمالار بۇنى ماددەتۇل ھايات دەپمۇ ئاتاپتۇر. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەجۇن كىشىگە خۇشاللىق كەلتۈرىدۇ، ئىشتىھانى زىيادە قىلىدۇ، ھەزىمنى زىيادە قىلىدۇ. زېھىننى ئىتتىلىك (ئۆتكۈر) قىلىدۇ. پالەچ، يەللەرنى يوق قىلىدۇ. ئابى مەنىنى زىيادە قىلىدۇ. مۇپاسىل، تىش ئاغرىقلىرىنى يوق قىلىدۇ. بەلغەم، سەپرا مىزاجلىرىنى كېسىدۇ. بارلىق ئىللەتلەرگە مەنپەئەتلىكتۇر. ئۇنىڭ تەركىبى: پىتپىتى، بەلىلە، ئاملە، چاچكا، دارچىن، شەترەنجى ھىندى، ئۇردان، قارامۇق، چىلغوزا، جويۇز، كۇچۇلا، سارىن، خۇسيەل سۆئىلەبلەرنىڭ ھەر بىرى بىر سەردىن، ئۇرۇقسىز قۇرۇق ئۈزۈم ئۈچ سەر، ياڭاق مېغىزى بىر سەر، بىر ھەسسە قەنت، ئىككى ھەسسە ھەسەلدە يۇغۇرۇپ بىر قېتىمدا بىر مىسقالدىن يېمەك كېرەك. ئەگەر كىشىنىڭ پىشابى تۇتۇلۇپ ئىششىغانغا غازنىڭ قانىتى، سېرىق قۇشنىڭ قانىتىنى كۆيدۈرۈپ، جىيافاڭشېنى قايىنتىپ بەرسە تولا پايدا قىلىدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ كۆزىگە ئاچچىق يۇگۇرۇپ، سارغىيىپ يىراقنى كۆرەلمىسە سېرىق چېچەك، ئاق كۆك بۇينى كۆز تورلاشقان ۋاقىتدا ھەر ئەرتىدە ئۈچ دانە ياكى بەش دانىدىن يېسە، كۆزى روشەن بولۇپ مەيدىدىكى زەھەرنى يوق قىلىدۇ. يەنە كۆك بۇينى چېچەكلىگەن ۋاقتىدا يەنى سەرتان ۋاقتىدا ئاپتاپقا سېلىپ ئۇبدان سولاشقاندا ئىسسىق مۇپاسىلدىن پۇت- قولى ئاغرىغان كىشى پۇت- قولىنى ئۇنىڭغا كۆمسە ياكى ئۇنىڭدا تەرلەنسە، ئون يىل بولغان مۇپاسىل، يەللەرنى يوق قىلىدۇ. ئەگەر كىشى كۆك بۇينىنىڭ يىلتىزىنى كۆيدۈرۈپ ياقسا ئىسسىق بەلغەم، قاننى پەس قىلىدۇ.

## تۆمۈرۆنىڭ دورىسى

ئەگەر كىشىنىڭ بەدىنىدە سۇلۇق تۆمۈرۆ پەيدا بولسا ئۆينىڭ شىپىدىكى قارا تۇپراقنى، قارا چىراغنىڭ ئاستىنىدا ئاققان ياغنى، ئاق سۇمۇقنى، كونا كەپشىنىڭ ئۇلتىڭىنى كۆيدۈرۈپ، بۇ تۆت نەرسىنى يۇمشاق يانجىپ جاراھەتكە سالسا ياخشى بولىدۇ، دەپتۇر.

## سېرىق قاتنىڭ دورىسى

سۇلۇق سېرىق قاتقا كېپەك مۇڭگۇزىنى كۆيدۈرۈپ يۇمشاق يانجىپ سېلىپ بەرسە ياخشى بولىدۇ.

## مۇميانىڭ خاسىيىتى

مۇميانى تىب ئىلمىدا مۇرمەككى دەپ ئاتاپتۇر. ئادەمنىڭ بەدىنىدە تۆمۈرۆ، سېرىق قاتقا ئوخشاش تۈرلۈك يارىلار چىقسا، ئۇنىڭغا مۇميانى سۈرۈپ بەرسە ياخشى بولىدۇ. ئادەمنىڭ بىر يېرى سۇنۇپ ئۇستىخانغا زىيان يەتسە، بىر مىسقال مۇرمەككىنى ئىچسە ياخشى بولىدۇ. ئەگەر قورساق ئاغرىپ ئىسھال ئىللىتىگە گىرىپتار بولسا مۇرمەككىنى ئېزىپ ئىچسە پات ياخشى بولىدۇ. مۇرمەككى سەرەتان كۈنلىرىدە تاشتەك قاتتىق بولىدۇ، زىمىستاندا سۇغا ئوخشاش ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئادەم بەدىنىدە ئەت پەيدا قىلىدۇ، سۇنغان ئۇستىخانلار تازا بولىدۇ. جاراھەتلەرنى ياخشى قىلىدۇ. مۇپاسىلدىن ساچقان يەللەرگە ئېزىپ ئىچسە دەپئى قىلىدۇ. پۈتى ئىششىققا سۈرسە يانىدۇ. مۇرمەككىنى ھەر قىسمى مەجۇنلەرگە قوشۇپ يېسە تولا خاسىيەتلەر تاپىدۇ. ئىچىگە قان چۈشكەن كىشىگە ئادەم پىشابى بىلەن بەرسە توختاپ قالغان قانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئادەمنى ھوشىغا كەلتۈرىدۇ. ئەمما مۇرمەككىنى ئاز بولغاندا بىر مىسقال، كۆپ بولغاندا بىر يېرىم مىسقال ئىچمەك كېرەك. ئەگەر مۇندىن زىيادە ئىچسە ھۆكۈمالار ئىچمىنى قاتۇرۇپ ئاغرىقنى كۈچەيتىدۇ، دەپتۇر. مۇرمەككەنىڭ مىزاجى مۆتىدىلدۇر.

## ئېيىق تېرىسى

ئېيىق تېرىسىدە ئولتۇرغان كىشىگە ھەرگىز يارا چىقماس، بۆرەك ئاغرىقى بولماس. ساقايمىغان يارىغا ئادەم چېچىنى كۆيدۈرۈپ سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يارىغا سېلىپ بەرسە ياخشى بولىدۇ. يەنە ئۈزۈمنىڭ شېخىنى كۆيدۈرۈپ، ئۇنى كىچىك بالىنىڭ پىشابىدا يۇغۇرۇپ ياقسا ياخشى بولىدۇ. ئەگەر كىشىگە مەرەز چىقسا، مىزاجى تولا سوغۇق بولسا، ئېپارلىق سېرىق قىزىل كۈجىنى قەغەزگە ئېلىپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ ھەر كۈندە بىر ۋاق تارتسا چاققان ياخشى بولىدۇ.

## ئىسكەنجىبىننىڭ خاسىيىتى

ئىسكەنجىبىن ئىسسىق قان، بەلغەمنى كېسىدۇ، ئۇنىڭ تەركىبى: بېدىيان بىر سەر، چىلان بەش مىسقال، چوگونى چالا قورۇپ ئىككى يېرىم مىسقال، چاچكا بەش مىسقال، پىرلاڭ بەش مىسقال، ئاق شېكەر بەش سەر. بىر پىيالە سىركىگە بىر پىيالە سۇ چېقىپ قايىنتىپ سۈزۈۋېلىپ يەنە ئازراق قايىنتىپ، بىر قوشۇقتىن ئىچكەي، بەلغەم ۋە قان خىلتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى پەس قىلىدۇ.

ھەر قانداق كىشى تائامنى ئاز يەپمۇ سىڭدۈرەلمەي قىينالسا ياكى بەدەندە قۇۋۋەت كەم بولۇش قاتارلىق ئىللەتلەرگە دۇچار بولۇپ، ئورۇقلاپ ھالى خاراپ بولسا

بۇ دورىنى ياساپ يېسە تولا پايدا قىلىدۇ، كۆكرەكنى تازىلايدۇ. كۆكۈلگە خۇشاللىق يەتكۈزۈدۇ: بېدىيان بىر سەر، زەردەك ئۇرۇقى ئىككى مىسقال، ئەيلە كۆك ئۇرۇقى ئىككى مىسقال، كەرەپشە ئۇرۇقى ئۈچ مىسقال، خىيار ئۇرۇقى بىر يېرىم مىسقال، ئاقتۇرما ئۇرۇقى بىر يېرىم مىسقال، تەرخەمەك ئۇرۇقى ئىككى مىسقال، جويۇز ئىككى مىسقال، دارچىن ئىككى مىسقال، دېۋىرقاي ئىككى مىسقال، چاچكا ئىككى مىسقال، چوگو ئىككى مىسقال، قەلەمپۇر بىر يېرىم مىسقال، پىرلاڭ ئۈچ مىسقال، ئاق شېكەر بەش سەر. بۇلارنى بىر جىلىق ھەسەلدە يۇغۇرۇپ، ھەر كۈنى بىر مىسقالدىن يېگەي، تائامنى تاتلىق يېگەي، زىيادە يېمىگەي، ئەگەر زىيادە يەپ سالسا دورا تائام بىلەن بىر بولۇپ ئادەمنى خاراپ قىلىدۇ. دورىنى تائامدىن كېيىن يېگەي.

## چىلان شارابى

ھۆكۈمالار قورسىقى ئىسسىق، تاش بەدىنى سوغۇق بولۇپ قالغان ئادەمنى ئىككى مىزاجلىق دەپ ئاتاپتۇ. مۇنداق كىشى ھالسىزلىنىپ، ماغدۇرسىزلىنىدۇ. ئۇنىڭ دورىسى: چىلان بەش مىسقال، چۈچۈكبۇينىڭ يىلتىزى، سېرىق يۆگەيلەرنى ئىككى مىسقالدىن ئېلىپ، ئۈچ ئاشقورا سۇدا قايناتىپ، سۈزۈپ سىقىپ ئېلىپ، بىر جىڭ ئاق شېكەر سېلىپ، يەنە ياندۇرۇپ قايناتىپ، قىيامىغا يەتكۈزۈپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە ئىككى قوشۇق ئېلىپ، بۇنىڭغا ئىككى پۇڭ ئاق چاچكىنى قايناتىپ، ئوبدان كۈچى چىققاندا ئۈچ قوشۇق شەربەتكە چېقىپ مۇزدەك قىلىپ ئىچكەي، قۇرۇق ئىسسىقتىن بەدەندە توختاپ قالغان سېرىق سۇ، يەللەرنى ھەيدەپ بەدەننى يەڭگىل قىلىدۇ، ئاغرىقلارنى يوق قىلىدۇ، ناھايىتى ئىشەنچلىك.

## مەجۇنى خولىنجاننىڭ خاسىيەتلىرى

قۇرۇق ئىسسىقتىن قان سەپراسى ئۆرلىگەن كىشى كۈندىن كۈنگە ئورۇقلاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ، ئاجىزلىشىدۇ. ھۆكۈمالار بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەجۇننى ياساپ يېسە دانا، ئاقىل بولىدۇ، ياشلىق باھارىغا قايتىدۇ دەپتۇ. تەركىبى: قىزىل چاچكا، ئاق چاچكا، دېۋىرقاي، بوزباغى، دارچىن، قارىنى يورۇق، پىرلاڭ، قەلەمپۇر، ھەر بىرى ئۈچ مىسقالدىن، زەپەر، ئىگىر، ئاقىر قەرھا، بىر يېرىم مىسقالدىن، بۇلارنى ئۈچ ھەسسە ھەسەلدە يۇغۇرۇپ مەجۇن ياساپ يېگەي.

ئەگەر كىشىنىڭ قۇلىقىدا سوغۇقتىن يەل سانجىپ ئاغرىسا، ئەپيۇننى ئوغۇل تۇغقان ئايالنىڭ سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ تېمىتسا ياخشى بولىدۇ. قۇلاققا يەل قاپلاشقان بولسا، ئۆچكە سۈيدۈكىنى تېمىتسا ياخشى بولىدۇ.

تۆگىنىڭ ئۆتىنى ئىششىغان بەدەنگە سۈرسە ناھايىتى پايدىلىق.

## مەجۇنى كۇمۇنىنىڭ خاسىيىتى

مەجۇنى كۇمۇنىنىڭ مىزاجى ئىسسىقتۇر. سوغۇقتىن شا بولغانغا پايدا قىلىدۇ، ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ، سوغۇق يەللەرنى ھەيدەر، تومۇرلارنى ئاچۇر، ئىسسىقلارنى ياندۇرۇر، يۆتەلنى توختىتۇر، قورساقتىكى يەلنى بېسىپ كونا ئاغرىقلارنى يوقىتۇر. يۈرەك سالغانغا پايدا قىلىدۇ. سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ. ئىشقىلىپ مىزاجى سوغۇقتىن بۇزۇلغانغا تولا مەنپەئەتلىكتۇر. جىگەر، تال، سەرئى ۋە ئۈچەي تۇسۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ. بالىياتقۇنى سوغۇق يەل چىرمىغانغا پايدا قىلىدۇ، بەدەندىكى سېرىق سۇلارنى يوق قىلىدۇ. بەدەنلەرنى يۇمشاق قىلىدۇ. تەركىبى: ئۈچ سەر قارا زىرىنى سىركىگە بىر كېچە ــ كۈندۈز چىلاپ، كۆلىگىدە قۇرۇتۇپ، پىتپىتى، چاچكىنى ئۈچ مىسقالدىن، قارا سۈيزە، بابۇنە، بىنەپشە، قارا بېدىيان تۆت مىسقالدىن، ئىككى مىسقال ئاق تۇز قوشۇپ، ھەممىسنى يانجىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۈچ ھەسسە ھەسەلدە يۇغۇرۇپ مەجۇن ياساپ، بىر مىسقالدىن ئىككى مىسقالغىچە يېگەي.

## جۇۋىنىنىڭ خاسىيىتى

ئەگەر كىشى جۇۋىنىنى ئاق شېكەرگە ئارىلاشتۇرۇپ يېسە ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ. ئەگەر جۇۋىنىنى دائىم قايناتىپ ئىچسە ئاشقازاندا توختاپ قالغان تائام، گۆش، ياغ، مېۋىلەرنى سىڭدۈرۈپ ئاشقازاننى ناھايىتى كۈچلۈك قىلىدۇ.

باھنى كۈچەيتكۈچى ئاددىي چارىلەر: قارا ئىنەكنىڭ سۈتىنى قايناتىپ ھەسەل بىلەن ئىچسە ئەرەنلىكنى زىيادە قىلىدۇ. خورازنىڭ مېڭىسىنى زەكىرىگە سۈرسە مۇھەببەت زىيادە بولىدۇ. قۇشقاچ مېڭىسىنى زەكىرىگە سۈرسە باھنى كۈچەيتىدۇ. زەردەكنى پىشۇرۇپ ئۈچ مىسقال دارچىن، بىر مىسقال قەلەمپۇر، بىر مىسقال زەپەر، بىر سەر ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ يېسە بۆرەكنى كۈچەيتىدۇ.

ئات سۈتى مۆتىدىلدۇر، ئات سۈتىنى شۇ پېتى ئىچسە پايدىسى يوق. ئۇنى ئىسسىق دورا بىلەن ئىچمەك كېرەك. ئىككى پىيالە سۈتكە بەش مىسقال جويۇز سېلىپ قايناتىپ

ئىچسە قورساقتىكى يەللەرنى يوق قىلۇر. ئەگەر كىشىنىڭ ئەزاسىدا ئىسسىق يەلدىن پارچە ـ پارچە قىچىشقاق پەيدا بولسا، زەردەكنىڭ كۆكىنى سىقىپ سۈيىنى سۈرسە قىچىشقاق پەسىيۇر. بۇنىڭغا يۇمغاقسۇتنى قاينىتىپ سۈرسىمۇ بېسىلىدۇ.

ئەگەر كىشى كېپىكنىڭ ئۆتىنى ناۋات بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېسە، كونا يۆتەللەرنى يوق قىلۇر. ناھايىتى ئەشەنچىلىك.

نىشارا ئىللىتىگە قارا ئەتلىك توخۇنىڭ تېرىسىنى تارتىپ گۆشىنى يېسە ۋە ياقسا پات ياخشى بولۇر. تولاراقى سۈرگە ئىچمەك ئوبداندۇر. تولا ھۆكۈمالار نىشارا بولغان كىشىدىن قان ئالسا، سامساق، ئاق ماچى گۈللەرنى ياقسا پات ياخشى بولۇر، دەپتۇ.

### بۆرەك كۆچەپ قالغانىنىڭ بايانى

بۆرەك كۆچەپ قالغانغا بۆرىنىڭ تىلىنى ئېلىپ قۇرۇتۇپ يۇمشاق يانجىپ، بىر مىسقال بىر مىسقالدىن بۆلۈپ، ئۈچ ئەتە كاپ ئەتسە كونا يۈرەك، كونا بۆرەك ئاغرىقلىرىنى يوق قىلۇر. ئىچىدىكى مەرەزلەرنى يوق قىلۇر. ناھايىتى پايدىلىقتۇر.

ئەگەر ئادەمگە ھايۋاناتنىڭ ئايىغىدىن زىيان يەتكەن بولسا بەسى مۈشكۈلدۇر. مۇنداق ئىللەتلەرنى شامالدىن ئۇچۇنۇپ قالدى، دەيمىز. بۇنىڭغا بۆرىنىڭ تېرىسىنى تارتسا، ھەزار ئىسپەندە بىلەن ئىسلاپ، بۆرىنىڭ مېڭىسىنى ئىككى تاپىنىغا چاپلاپ ئوتقا قاقلاپ بەرسە شامال ئاغرىق يوق بولۇر. بۆرىنىڭ ئوشۇقىنى كىچىك بالىغا ئېسىپ قويسا ئۇششاق جاراھەت، كېسەللىك ۋە دىۋە ـ پەرىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ئامان بولۇر. بۆرىنىڭ تىلىنى ئۇچۇنغاندىن، يا سوغۇق شامالدىن پۇتەي ئىششىپ قالغان يەرگە سۈرسە ياخشى بولۇر. بۆرىنىڭ ئۆپكىسىنى قۇرۇتۇپ دىمى سىققانغا ۋە كونا يۆتەلگە يۇمشاق يانجىپ كاپ ئەتسە يوق بولۇر. بۆرىنىڭ بېغىرى ۋە يۈرىكىنى بوغۇزى ئاغرىغان كىشىگە قاينىتىپ ئىچۈرسە ياخشى بولۇر. بۆرىنىڭ تېزىكىنى شامالدارىغان كىشىگە دائىم ئىسلاپ بەرسە ساقىيۇر. ئەگەر بۆرىنىڭ ئۈستىخىنىنى مەيدىسى ئاغرىغان ۋە تاماق سىڭمىگەن كىشىگە قاينىتىپ بەرسە ياخشى بولۇر. ئەگەر بۆرىنىڭ ئۆتىنى قۇرۇتۇپ، كۈنجۈت يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ گۈل يارىغا ۋە بۇنىڭدىن باشقا ھەر تۈرلۈك يارىلارغا ياقسا ياخشى بولۇر، ئەگەر بۆرىنىڭ تېرىسىنى ئۆزىگە يولداش قىلسا شامال ئاغرىق بولماس. يەل ئاغرىق، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى يوق قىلۇر. بۆرىنىڭ چەبىرىسىنى تاز باشقا يۆگەپ قويسا تولا چاققانلىق بىلەن ساقايتۇر.

### كۈچۈلىنىڭ خاسىيىتى

كۈچۈلا ناھايىتى سوغۇقتۇر. بەلغەم، سەۋدالاردىن بولغان خىلىتلەرگە، بۆرەك يەللىرىگە، مۇپاسىل، قۇلۇنجى، يۈرەك ئىسسىغانغا، كۆپ سىيگەنگە، يۈرەك ئاجىزلاشقانغا، تال ئاغرىقىغا، پۇت ـ قوللار تارتىشقانغا كۈچۈلىنى يۇمشاق يانجىپ ھەر كۈنى بەش پۇڭدىن كاپ ئەتسە، ئەگەر مىزاجى تولا سوغۇق بولسا ئەركەك قوي شورپىسى بىلەن ئىچسە بەدەندىكى مۇپاسىل، سۇرۇخ بادلارنى يوق قىلىپ، بەل ـ بۆرەكنى قۇۋۋەتلىك قىلۇر، پالەچ ئاغرىقلىرىنى تازا قىلۇر. كۈچۈلا ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا ھەرقانداق مەجۇنگە ئىككى مىسقالدىن ئارتۇق قوشمايدۇ. ئەگەر ئارتۇق بولۇپ كەتسە ئاغرىقنى بىھوشلۇققا يەتكۈزۈر. ھۆكۈمالار كۈچۈلىنى كۆپ ئىشلەتسە كۈچۈلىنىڭ زەھىرى يۈرەك، بېغىرغا تاراپ كېتىپ ئەقلىدىن ئادىشىدۇ، دەپتۇ. شۇ سەۋەبتىن كۈچۈلىنى كۆپ يېسە، ئاغرىق چاققان ياخشى بولدى دېگەن بىلەن ئۇنىڭ زەھىرى ئاخىر ئادەمنى نابۇت قىلۇر.

### ئىگىرنىڭ خاسىيىتى

ئىگىر ناھايىتى سوغۇقتۇر. بەلغەم، قانلارنى، يۈرەك، بېغىرنى سوۋۇتۇر، ئىسسىق مىزاجنى چاققان تۈزەر. ئىسسىق ئۆتكەن كىشىنىڭ مىزاجىنى تۈزەر، قانلارنى سۇيۇلدۇرۇر. باش، قول، پۇت ئاغرىقلىرىنى يوق قىلۇر. سەۋدا خىلىتىنى باسۇر. ئىگىر شۇنداق كۈچلۈك بولغانلىقىدىن ھۆكۈمالار ئاقىر قەرھانىڭ ئورنىدا بەلغەم، قانلارنى دەپئىي قىلماق ئۈچۈن بارلىق مەجۇن دورىلارغا قوشۇپتۇر. ئەگەر ئىگىرنى بۇرۇنغا ھىدلىسا ئىسسىقتىن قويۇلغان قانلارنى سۇيۇلدۇرۇر. كۆزلەرنى روشەن، باشلارنى يەڭگىل قىلۇر.

كىشى سىيگەك بولۇپ قالسا زەردەك ئۇرۇقى بىلەن كەندىرنى سوقۇپ ھەللە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ھەسەلگە ئىلەشتۈرۈپ يېسە تۈزۈلۈر.

ئەگەر كىشىنىڭ پۇت ـ قولى تارتىشىپ ئاغرىسا قوي يۈگىنى تۇز بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قازاندا ئىسسىتىپ، ئالدى ـ ئارقىدىن يېقىپ تەرلەتسە ياخشى بولۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ بەدىنىدە، پۇت ـ قولىدا سوغۇقتىن ئىششىق پەيدا بولسا قوي مايىقىنى قىزىتىپ يېقىپ بەرسە ياخشى بولىدۇ. ھۆكۈمالار نەزەرىدە قوي مايىقى بىباھا گۆھەر ئاتىلىپتۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەكىرى ئىششىسا ياكى سۈيدۈكى تۇتۇلسا سېرىق ئىتنىڭ قۇيرۇقىدىكى داكاسىنى ئېلىپ سېرىق ياغ بىلەن قايىنتىپ ياقسا ياخشى بولىدۇ.

ئەگەر كىشىگە قوتۇر چىقسا، يا بىر يېرى ئىششىسا كەپتەر مايىقىنى سېرىق تېكىنىڭ يوقى بىلەن قايىنتىپ ئىنەكپىتىنى يانجىپ، بۇ ئۈچىنى بىر قىلىپ ياقسا ئېغىز ئالىدۇ.

## غاز گۆشىنىڭ خاسىيىتى

غازنىڭ قېنى سەپرانى باسىدۇ. ئاچچىق يۇتقاننى يوق قىلىدۇ. ئادەمنىڭ ئىچىدە توختاپ قالغان خىلتلارنىڭ زەھەر، قان، يىرىڭ، سېرىق سۇلىرىنى ئېزىپ ھەيدەپ، مەيدىنى پاك قىلىدۇ. بەدەننى يەڭگىل قىلىپ، كۆڭۈلنى روشەن قىلىدۇ. خۇن بەستە بولغان مەزلۇملار ئىچسە، مېۋىنى يېمىسە، ئۇلاققا مىنمىسە، تولا تەرلىسە، قانچىكى كۆڭۈلنىڭ ئەندىشىسىدىن يىراق بولسا، دورىنىڭ خاسىيىتى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئورۇق غازنىڭ گۆشى ۋە قېنى كېسەلنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ. غازنىڭ قېنى مۆتىدىلدۇر. ھۆكۈمالار ھەرقانداق ئاغرىققا سېمىز غازنىڭ گۆشى، قېنى ۋە شورپىسىنى ئىچسە، يېسە پايدىسى تولادۇر، دەپتۇ.

بۇ بابتا ھەر تۈرلۈك گىياھ، ئوت، مېۋە قاتارلىق دورىلارنىڭ مىزاجى يەنى ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى بايان قىلىنىدۇ.

چاچكىنى كىتابتا زەنجىۋىل ئاتاپتۇ، بۇنداق دېگىنى دورىلارنىڭ ئەلچىسى دېگەنلىك بولىدۇ. ھەرقانداق قىيىن ئىشتا خاھى چوڭ، خاھى كىچىك بولسۇن، بۇ ئىشقا بىر ئەلچى يۈرمىسە ئۇل ئىش ھەرگىز ئۆزىچە راۋان بولماس. بەزى ھۆكۈمالار چاچكىنى بارچە دورىلارنىڭ ئەقلى دەپ ئاتاپتۇ. ئەقىل دېگەن تەنلەرنىڭ چىراغىدۇر. ئەقىلسىزلىق قاراڭغۇ كېچىگە ئوخشاش ھايۋاننىڭ ھۆكۈمىدىدۇر. ئەقىل دېگەن بىر قۇشقا ئوخشاشتۇر. ھەرقانداق شەربەتكە چاچكا قاتمىسا ئۇ شەربەتنىڭ سۇدىن پەرقى يوق، پايدىسى ئازدۇر. ھەرقانداق مەجۇنگە چاچكا سالمىسا، ئۇ دورىنىڭ تاماقتىن پەرقى يوق. مۇنداق مەجۇن ئۇستىخانلارنى كۆيدۈرۈر، گۆشلەرنى ئېزىپ، قۇۋۋەتنى كېمەيتۇر، ئۆمۈرنى قىسقارتۇر. ھەرقانداق دورىغا ۋە شەربەتكە چاچكىنى قايىنتىپ سۈيى بىلەن ئىچمەك كېرەك. چاچكا دېگەن دورىلارنىڭ مۆھۈرىدۇر، باغلانغان تومۇرلارنى ئاچۇر، دورىنى ئاغرىغان جايغا ئېلىپ بارۇر. قۇرۇق ئىسسىقتىن، قۇرۇق سوغۇقتىن بولغان كېسەللەرنى ساقايتۇر، ھەرقانداق دورىنى مىزاجغا بويسۇندۇرۇر. ھەرقانداق مەجۇناتنى يېمەككە ھاجەت چۈشسە ھەممىدىن دورىنى ھەرقايسىسىنى ئۇل ئاغرىققا مېھىر ـ مۇھەببەتلىك قىلىدۇر. ئۇل سەۋەبتىن چاچكا بارلىق دورىلارنىڭ تىلى ۋە مېغىزىدۇر. چاچكىنىڭ مىزاجى مۆتىدىلدۇر.

پىتپىتى پىتپىتنى لۇغەت تىلىدا فىلفىل دەراز دەپ ئاتاپتۇ. ناھايىتى ئىسسىقلىقىدىن بەدەندىكى سوغۇق يەللەرنى، سوغۇق شالارنى يوق قىلىدۇر. بەدەننى يۇمشاق قىلىدۇر. ھەرقانداق ئاغرىق سوغۇقتىن بولغان بولسا ھەممىسىنى يوق قىلىدۇر. ئەمما ھۆكۈمالار پىتپىتنىڭ زەھىرى بار دەيدۇ. پىتپىتنى ئىنەك سۈتىگە ئۈچ كۈن چىلاپ، تۆتىنچى كۈنى سۈتتىن ئېلىپ كۆلىگىدە قۇرۇتۇپ يۇمشاق يانجىپ بىر مىسقالدىن كاپ ئەتسە مەيدىدە توختىغان تائاملارنى ۋە كونا ئاغرىقلارنى يوق قىلىدۇر، پارپىنىڭ خاسىيىتىنى بېرۇر. ھەرقانداق چاغدا پىتپىتنى سوغ سەپراغا ئىچۈر بولسا، ئۇتقا شۇرلاپ ئىچسە پات پايدا قىلىدۇر.

## ئاق مۇچنىڭ خاسىيىتى

ئاق مۇچنىڭ مىزاجى تولا ئىسسىقتۇر. سوغۇق شامالدىن بەل ـ بۆرەكلەردە بولغان سېرىق يەللەرگە قايىنتىپ ئىچسە ۋە قورۇپ كاپ ئەتسە ھەم بەدەنلەرنى يۇمشاق قىلىپ تەرلىتىپ، سىڭىرلار يۇمشاپ، يەللەر كۆچۈپ، ئۇستىخانلار يەڭگىللەر. ئەگەر سوغۇقتىن ھەيزى كېسىلگەن مەزلۇم ئىچسە خۇن راۋان بولىدۇر، قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇر. ھەرقانداق سوغۇق سەۋەبتىن ئاجىزلىششقا قاراپ ماڭغان كېسەللەرگە شىپالىق بېرىپ، بەل ـ بۆرەكلەردىكى يەللەرنى يوق قىلىدۇر.

## قارنى يورۇق (كاۋاۋىچىن)نىڭ خاسىيىتى

قارنى يورۇقنىڭ مىزاجى ناھايىتى ئىسسىقتۇر. ئۇيۇغان قانلارنى ۋە باغلانغان سېرىق يەللەرنى يەنى سېرىق سۇلارنى قوغلىغۇچىدۇر. سۇنغان ئۇستىخاننى تۇتقۇزغۇچى، قاراڭغۇ بولغان كۆڭۈللەرنى ئاچقۇچى ۋە يورۇتقۇچىدۇر. بىھوش بولغان ئاغرىقلارنى ھوشىغا كەلتۈرگۈچىدۇر. مەيدىدە تۇرۇپ قېلىپ ئاغرىق پەيدا قىلغان ھەرقانداق تاماق ۋە مېۋىنى سىڭدۈرگۈچى، بەدەننىڭ قۇۋ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋىتنى زىيادە قىلغۇچىدۇر. بەدەندىكى تۈرلۈك ئىششىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىشنى ھۆكۈمالار ناھايىتى توغرا تېپىپتۇ. شۇ تەرىقىدە قارنى يورۇقنى ئۇشالغان، سۇنغان ئاغرىقلارغا تولا بۇيرۇپتۇ.

**سەلىخە يەنى دارچىنىنىڭ خاسىيىتى**

دارچىنىنىڭ تەبىئىتى ناھايىتى ئىسسىقتۇر. سوغۇق يەللەرنى دەپئى قىلۇر. قۇرۇغان ئەزالارغا قان كەلتۈرگۈچى ۋە قاندىن باغلانغان تومۇرلارنى ئاچقۇچى، كۆڭۈللەرنى روشەن قىلغۇچى، سوغۇق مىزاجنى ئىسسىققا ئۆرۈگۈچىدۇر. ئۇنى ئىشلەتسە تەننى كۈچلۈك قىلۇر، ئەرەنلىكنى ئىتتىك قىلۇر، غەملىك كۆڭۈللەرنى خۇشھال قىلۇر. بەدەبۇيلۇقنى خۇشبۇي قىلۇر، مەجۇنلەرنىڭ تەسىرنى ئاشۇرۇر، مۇپاسىل، يەللەرنى يوق قىلۇر. ئىشقىلىپ تۈرلۈك سوغۇق شامالدىن بولغان ئاغرىقلارغا پايدىسى كۆپتۇر.

**لاچىندانىنىڭ خاسىيىتى**

لاچىندانە بېدىيانغا ئوخشاپراق كېتىدىغان نەرسىدۇر. سارىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى مۆتىدىلدۇر. سەپرا، بەلغەم، سەردا، قان، تال ئاغرىقى، مەيدە كۆپكەن، يەل تۇرۇپ قالغانغا ئۈچ مىسقال لاچىندانىنى يانچىپ كاپ ئەتسە دەمنى راۋان قىلۇر، يەللەرنى يوق قىلۇر، ئىسسىق، سوغۇقنى بىردەك پەس قىلۇر.

**سۇزاپ (سۇزە)نىڭ خاسىيىتى**

سۇزاپنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق. ئادەمنىڭ مەيدىسىدە ئۇستىخان توختىغان ياكى تائام تۇرۇپ قالغان، سەپرا توختىغان، سەپرا، سەۋدادىن باش- كۆزى ئاغرىغان بولسا، ياكى ئۈچىيى قۇرۇغان بولسا سۇزابنى قايناتىپ ئىچسە مەيدىنى پاك، تەننى قۇۋۋەتلىك قىلۇر، كۆڭۈللەرنى روشەن قىلۇر، تولا سوغۇق ئاشقانلىقتىن مىزاج بۇزۇلۇشىنى تۈزەر، ھەيزى بوغۇلغان ئاياللارغا، سوغۇق يەل سانجىغانغا پايدىسى كۆپتۇر. سۇزاب شەربەت، مەجۇنلەرنى ئاغرىقنىڭ يوللىرىغا ئېلىپ بارغۇچىدۇر. ئەمما نورمال چەكتىن ئاشسا بەلغەمنى كۆپەيتىش ئېھتىماللىقى بار.

**ئاق شېكەرنىڭ خاسىيىتى**

ھۆكۈمالار ئاق شېكەرنىڭ خاسىيىتىنى مۆتىدىل ئاتاپتۇ. بېغىرنى تازىلايدۇ. سۈيدۈككە يول بېرىپ ئۇنى راۋان قىلغۇچىدۇر. جوگايغان تالنى كېچىكلىتۇر. تالدىكى ئارتۇقچە ئىسسىقلىقنى تارتۇر. تىلنى يۇمشاق قىلۇر. دەمنى راۋان قىلۇر. شېكەرنىڭ مۇنداق خاسىيەتلىكلىكدىن ھۆكۈمالار قۇرۇغان تەنلەرگە شەربەت، ئىششىق كېسەللەرگە مەجۇن قىلىپ بېرىپتۇ. شېكەرسىز دورىنى بۇيرۇماپتۇ. ھەر كىم دائىم قايناتىپ ئىچسە قۇۋۋەتنى زىيادە قىلىپ ئاغرىقلارغا شىپا بېرۇر. شېكەرنى خام سۇ بىلەن ئېزىپ ئىچمەكنى ھۆكۈمالار ساق كىشىنى ئاغرىق قىلماقتۇر دەپتۇ. ھۆكۈمالار قارا شېكەرنى ئىسسىق ئاتاپتۇ. قارا شېكەر ئۇسسۇلۇقنى پەس قىلۇر، سوغۇق يەللەرنى باسۇر، سوقشا ئاغرىقلارنى يوق قىلۇر. ھەر كىشىنى سوغۇق يەل چىرماپ ئالغان بولسا ياكى تېرە قاتقان بولسا قارا شېكەرنى قايناتىپ ئىسسىق- ئىسسىق ئىچسە كېزىكتىن بولغان تەر ئاغرىقلارنى يوق قىلۇر، سەپەردە خام سۇ بىلەن ئىچسە ئۇسساتماس.

**گۈلى رەيھاننىڭ خاسىيىتى**

گۈلى رەيھاننىڭ تەبىئىتى ناھايىتى ئىسسىقتۇر. سەپرانى كېسەر، سەپرادىن دېمى سىققان، يۆتەلگەن كىشى قايناتىپ ئىچسە ناھايىتى پايدىلىق. سەپرادىن بېشى قېيىپ ماڭالماي قالغان كىشى ھەر ئەتىگىنى بىر مىسقال گۈلى رەيھاننى ئىككى مىسقال ئاق شېكەر بىلەن قايناتىپ ھەپتە كۈن ئىچسە ئۇ كىشىدىن سەپرا يوقىلۇر. گۈلى رەيھاننى بىر مىسقالدىن ئارتۇق ئىچمىسۇن، ئەقلنى كالتە قىلۇر.

**جۇۋىنىنىڭ خاسىيىتى**

ھەزرىتى لوقمان ھەكىم ئاندىن ئېيتىدۇرلەر: ئەگەر كىشى جۇۋىنىنى دائىم قايناتىپ ئىچسە قېرى كىشى ياشلىق قۇۋۋىتىگە يانۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دورىغا جۇۋىنە (ياشلىق) دەپ ئات قويۇپتۇ. ھەر كىم جۇۋىنىنى دائىم ئىستېمال قىلسا ياشلىق قۇۋۋىتىنى تاپقاي. مەيدە ئاغرىقىغا شېكەر بىلەن جۇۋىنىنى قايناتىپ ئىچسە مەيدە ئاغرىقىنى توختىتۇر. بېغىردىكى قانلارنى راۋان قىلۇر، بېغىر، تالالاردىكى توسالغۇلارنى ئېچىپ يۇمشاق قىلۇر. يۈرەكنى تىنچلاندۇرۇر، دەمنى راۋان قىلۇر. قۇرۇق ئىسسىقنى بېسىپ ئۇيقۇغا مايىل قىلۇر، ئەرەنلىك كۈچىنى ئاشۇرۇر. ھەر نېچۈك ئېغىر تائامنى ھەزىم قىلۇر. ھەر قانداق مەجۇناتلارغا ئىككى مىسقالدىن ئىككى سەرگىچە قاتسا دورىلارنىڭ تەسىرنى ئاشۇرۇر. ئاق چاچنى قارايتۇر. ئەگەر مەزلۇم كىشىلەر يېسە ياش، نۇرانى قىلۇر، بەدەننى ئەۋرىشىم قىلۇر.

بېدىيان ئىككى خىل بولۇر، بىر خىلنى قارا بېدىيان دەيدۇ، ئۇنىڭ تەبىئىتى ئىسسىقتۇر، يەنە بىر خىلنى رۇم بېدىيان دەيدۇ، بۇ تېرىغان بېدىياندۇر. تەبىئىتى مۆتىدىلدۇر، قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇق ئىللەتلەرگە

داۋا بولۇر. يەنە بىر قىسمى تاغلاردا بولىدىغان ياۋايى بېدىياندۇر، بۇنىڭ تەبىئىتى سوغۇقتۇر. تېۋىپلار ھەرقانداق كېسەلنىڭ مىزاجىغا بېقىپ دورا قىلماقنى بۇيرۇپتۇ. ئەمما بۇلارنىڭ بارچىسىدىن جۇۋىنە ناھايىتى خاسىيەتلىكتۇر. ئەتىگەندە قايىنتىپ ئىچسە قاراڭغۇ دىللارنى يورۇق قىلۇر.

### يېزىخونىڭ بايانى

قارا يېزىخونىڭ مىزاجى ناھايىتى ئىسسىقتۇر. ئەگەر كىشىنىڭ ئىچى ـ تېشىدا سوغۇق يەل توختىغان بولسا، يېزىخونى قايىنتىپ ئىچسە چىگىلگەن يەللەرنى يېشۇر، قاتقان تەرلەرنى تاشقىرى چىقىرۇر، ئىشتىھانى زىيادە قىلۇر. بىراق سەپرانى ئاشۇرۇر. ئاق يېزىخونىڭ تەبىئىتى سوغۇق. ئاق يېزىخو ئۆپكىنى ساكىن قىلۇر. دەمنى راۋان قىلۇر، مەيدىدە تۇرۇپ قالغان تائامالارنى ھەيدەر، بەدەننى يەڭگىل قىلۇر. ئىسسىق مىزاجلىق كىشى ھەر دائىم قايىنتىپ ئىچسە سەپرانى باسۇر، قورساقتىكى كىرلەرنى يوق قىلۇر. ئىشتىھانى ئاچۇر، كۆكسىنى ئوچۇق قىلۇر، تولا ئاغرىقلارغا پايدا قىلۇر.

### ئاقباش ئوت (سەئدى ھىندى)نىڭ خاسىيىتى

ھۆكۈمالار ئاقباش ئوتنىڭ تەبىئىتىنى ناھايىتى ئىسسىق دەپتۇ. ھەرقانداق چاغدا قايىنتىپ ئىچسە سوغۇق يەللەرنى دەپئىي قىلۇر. ھەرقانداق دورىغا قوشسا قۇۋۋەتنى زىيادە قىلۇر. سوغۇقتىن پۇت ـ قوللاردا ھەرقانداق يەل ئىللەتلەر پەيدا بولسا ئاقباش ئوتنى قايىنتىپ ئىچسە ھەرقانچە كونىرىغان يەل بولسىمۇ يوق بولۇر. كېسەكنى ئوتقا سېلىپ قىزىتىپ ئاقباش ئوتنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ھورلانسا يەتتە قوينىڭ تېرىسىنىڭ تارتىلغانلىقىنىمۇ ئارتۇقتۇر. يېگى تۇغقان ئاياللار يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قۇندۇز قىرى، ئاقباش ئوت، گوياخىي، قارنى يورۇقلارنى بىر قىلىپ قايىنتىپ بەدىنىنى ئىسسىق ـ ئىسسىق يۇسا بەدىنىدە ھېچقانداق ئىللەت قالماس.

### ئايغاباقار (جىنتىيا)نىڭ خاسىيىتى

ئايغا باقارنىڭ تەبىئىتى مۆتىدىلدۇر. ئەگەر كىشى سېمىز قوي گۆشى بىلەن جىنتىيانى بىر قىلىپ يېسە يەل، بۆرەكتىكى ئاغرىقلارنى يوق قىلۇر. پۇت ـ قولى تۇتماس بولغان ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرى بار كىشى ئايغاباقارنى مەجۇنگە قوشۇپ يېسە تولا پايدا قىلۇر. ئىششىق كېسەللەرگە قايىنتىپ بەرسە ياكى ياقسا پايدا قىلۇر. ھەر كىم جىنتىيانىڭ يىلتىزىنى مەجۇن بىلەن يېسە ئەرەنلىكنى زىيادە قىلۇر. بەدەننى كۈچلۈك قىلۇر. جىنتىيانىڭ قىزىل بولغىنى ئەركەكتۇر. ئايال كىشىلەرگە دورىدۇر، چېچەكنى بېرى چىشىسىدۇر، ئەر كىشىلەرگە دورىدۇر. جىنتىيانىڭ يىلتىزىنى زىمىستاندا ئېلىپ دورا قىلسا بىتەھقىق خۇسيەسىۋئۇلەپىنىڭ كۈچىنى بېرۇر، تولا سىناقتىن ئۆتكەن.

### گۈلبىنەپشىنىڭ خاسىيىتى

كۆك دىڭدا، تۆشۈكتاش بۇ ئۈچ خىلنىڭ مىزاجى بىردەك، يەنى سوغۇقتۇر. دورىلىق تەسىرى ئوخشاش. ئەگەر چالا قايىنتىپ ئىچسە ھەرقانداق ئۆچۈنغان ئىللەتلەرگە پايدا قىلۇر. يەتتە موللا ئوقۇغاندىن ئارتۇق پايدا قىلۇر. ھەركىم سەھەردە چىلاپ ئىچسە ئىچى راۋان بولۇر. يۈرەكنىڭ سېلىشى ئۆز ئىزىغا چۈشۇر، كۆڭۈلگە خۇشھاللىق كەلتۈرۇر. بېغىرنى يۇمشىتۇر. ئوتنەك تاشان ئىسسىقنى پەسەيتۇر. ئۈچەيدىكى ئىسسىق يەللەرنى قوغلار. ھەرقانداق مۇپاسىل، ئىسسىقلارنى كېسەر، تەپ ئىللەتلەرنى يوق قىلۇر. قۇرۇق ئىسسىق قانلارغا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىقتۇر. ئەمما تۆشۈكتاشنى ئاز ـ ئاز سورۇپ ئىچسە ئۆچۈنغان يەللەرنى كېسەر. لېكىن ھەددىدىن ئارتۇق ئىچسە ئادەمنىڭ بېغىرنى ئېزىپ ھالاك قىلۇر. شۇڭا ئاغرىقنىڭ ئەھۋالىغا، مىزاجىغا بېقىپ ئاز ئىچمەك لازىم.

### قاقلىنىڭ خاسىيىتى

قاقلىنىڭ تەبىئىتى مۆتىدىلدۇر. ئەگەر كىشى شاراپ، شەربەت ياكى سوغۇق سۇنى كۆپ ئىچىۋېلىپ مەيدىگە ئېغىر كەلسە قاقلىنى ئوتقا سېلىپ شۇرلاپ، ئاندىن قايىنتىپ ئىچسە ياكى يانجىپ كاب ئەتسە زەھەرلەرنى كېسىپ مەيدىنى روشەن قىلۇر، سوغۇق، ئىسسىق يەللەرنى قوغلاپ بەدەننى يەڭگىل قىلۇر. سەپرا ئوتىنى پەس قىلۇر. ھەرقانداق مەجۇناتقا سېلىپ يېسە خاسىيىتى كۆپتۇر. سوغۇق شامالدىن ئاش كىرگەندە قاقلىنىڭ ئۇرۇقىنى يېسە مەيدىنى پاك قىلۇر.

### ھەزار ئىسپەندى (ئادراسمان)نىڭ خاسىيىتى

ھۆكۈمالار ھەزار ئىسپەندىنىڭ تەبىئىتىنى تولا سوغۇق دەپتۇ. بەلغەمدىن بولغان ئىششىق يەللەرنى ۋە بىر مۇنچە ئىسسىق كىرگەن جاراھەتلەرنى، مەيدە، قورساقتىكى يەللەرنى، ئىسسىق مۇپاسىلدىن پۇت ـ قول، بەدەندە يەل سانجىشقانىغا ھەزار ئىسپەندىنى قايىنتىپ قوي سۈتى بىلەن بىرگە ئىچسە مەيدىنى ناھايىتى كۈچلۈك قىلۇر. كىرلەرنى تازىلار. بەدەننىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى ئىسسىق يەللەرنى قوغلار. ھەزار ئىسپەندىنى ھەر دائىم قايىنتىپ ئىچىشكە

بولمايدۇ.

### كەرەپشىنىڭ خاسىيىتى

كەرەپشىنىڭ تەبىئىتى سوغۇقتۇر. ئۈچ مىسقال كەرەپشە ئۇرۇقى بىلەن ئۈچ مىسقال شېكەرنى قايناتقان سۇ بىلەن ئىچسە سۈيدۈكنى ماڭدۇرىدۇ، ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، قاننىڭ قىزىقلىقىنى باسىدۇ. بېغىرنى مۇلايىم، كۆڭۈلنى روشەن، تىلنى يۇمشاق قىلىدۇ. پالەچ، مۇپاسىل يەللەرنى يوق قىلىدۇ. مەجۇن بىلەن بىللە يېسە پايدىسى كۆپ. ئەگەر كىشىنىڭ سۈيدۈكى تۇتۇلۇپ بەدىنى ئىششىسا بەش مىسقال كەرەپشە، بەش مىسقال يۇمەك، بەش مىسقال قومۇش، ئىككى مىسقال چايان، ئۈچ مىسقال قارا چۆرتكە يەنە ئۈچ دانە تۇخۇمنى چېقىپ سېرىقىنى ئېلىپ تاشلاپ ئېقىنى بىرلەشتۈرۈپ قايناتىپ ئىچسە سۈيدۈكنى ماڭدۇرۇپ، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ.

### جوزىنىڭ خاسىيىتى

جوزىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىقتۇر. سوغۇقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرى، پالەچ، ئۈچەي تولسۇلۇشلارغا مەجۇن بىلەن بىللە يېيىشنى ھۆكۈمالار كۆپ تەرىپ قىلىپتۇ. ھەيزى تۇتۇلغان ئاياللار يېسە ھەيزنى راۋان قىلىدۇ. ئەر كىشىلەر تاپىنىغا ياقسا سوغۇقتىن بولغان ئىللەتلەرنى يوق قىلىدۇ. تولا يېسە بەلغەم ۋە قاننى زىيادە قىلىدۇ.

### قەلەمپۇرنىڭ خاسىيىتى

قەلەمپۇرنىڭ تەبىئىتى ئىسسىقتۇر. سوغۇقتىن بولغان كونا يەللەرگە، بەل ئاغرىقى، سوقشا بولغانغا، ھىق تۇتقانغا، سۇرۇخ بادقا، چېچەك ۋە باشقا جاراھەتلەرگە قاينىتىپ بەرسە چاققان پايدا قىلىدۇ. قەلەمپۇرنىڭ خاسىيەتلىكلىكىدىن ئۆلۈكنىڭ كېپىنىگە چاچسا تەگرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇل ئۆلۈكتىن بالايىئاپەتنى ۋە بەتبۇيلۇقنى يىراق قىلىپ، تىرىكلەرنىڭ تېنىدىكى كېسەللەرگە شىپا قىلىشى ناھايىتى ئۈستۈندۇر.

### سىغار يەنى پىرلاگىنىڭ خاسىيىتى

پىرلاگىنىڭ مىزاجىنى ھۆكۈمالار سوغۇققا يېقىن مۆتىدىل ئاتاپتۇ. تۆرلۈك كېسەللىكلەرگە داۋادۇر. ئادەمنىڭ ئىچىدە بۇزۇق خىلتلار تۇرۇپ قالغان بولسا، تۆت مىسقال پىرلاگىنى قايناتىپ ئىچسە ئۇل كىرنى يوق قىلىدۇ. ئەگەر ئادەم ئاچچىق يۇتقاندىن ئىچىدە قان توختىغان بولسا ياكى سۈيدۈك تۇتۇلغان بولسا، يېگەن تاماقتىن زىيان يەتكەن بولسا، پىرلاگىنى قايناتىپ ئىچسە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ ئىچى قاندىن ياكى ئىسسىقتىن تۇتۇلغان بولسا، بەش مىسقال پىرلاگىنى يۇمشاق يانجىپ ئىنەك سۈتى بىلەن ئىچسە ئىچى راۋان بولىدۇ. تائاملارنى ھەزىم قىلىدۇ. مىزاجنى بىردەك قىلىدۇ.

ئاقمۇچ دارۇ تولا ئىسسىقتۇر. سوغۇق يەلدىن بەل ـ بۆرەكلەردە پەيدا بولغان سېرىق يەللەرگە قايناتىپ ياكى قورۇپ ياقسا بەدەننى يۇمشاق قىلىدۇ. كۆپ تەرلەپ بەرسە سىڭىرلارنى يۇمشىتىپ، يەللەر كۆچۈپ، ئۈستىخانلار سوۋۇپ يەللەر تارقىلىپ كېتەر. ئەگەر خۇن بەستە بولغان مەزلۇم كىشى قايناتىپ ئىچسە، خۇن راۋان بولۇپ قۇۋۋەتنى زىيادە قىلىدۇ. سوغۇقتىن ئاجىزلاشقان ھەر قانداق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ.

ئەگەر سوغۇق شامالدىن قورساق كېرىلىپ قالسا بىر پىيالە بۇغدايغا بەش پىيالە سۇ قۇيۇپ قايناتىپ، ئۈچ دانە نان بېلىغ، ئىككى باش زەردەك، ياز كۈنى بولسا، زەردەكنىڭ كۆكىنى سېلىپ قايناتىپ ئىككى پىيالە قالغاندا ئىچسە سۈيدۈكى راۋانلىشىپ پات ياخشى بولىدۇ.

ئادىتى توختاپ قالغان ئايال يېرىم يىن تۆشۈكتاشنى ئوبدان يۇمشاق يانجىپ بىر كۈن ھاراققا چىلاپ قويۇپ ئىچسە خۇن راۋان بولىدۇ.

ئەگەر كىشىنىڭ چىشى ئىسسىقتىن ئاغرىسا يۇلغۇن چېچىكىنى قايناتىپ ئاغزىغا ئالسا دەرھال ياخشى بولىدۇ.

بوغۇز ئىششىپ قالسا ئىككى دىرەم بىنەپشە، بىر دىرەم قەنتنى يۇمشاق يانجىپ ئارىلاشتۇرۇپ كاپ ئەتسە ھەمدە ئىششىغان يەرگە ھەپتە كۈن بېسىپ ياتسا ياخشى بولىدۇ. ھەر قېتىم ئىچكەندە ئاقمۇچ دارۇنى قايناتىپ شەربەتكە قوشۇپ دائىم ئىچكەي. بۇ يەرنىڭ بىنەپشىسى كۆك رەڭ، خىنىنىڭ غوزىكىدەك ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق بولىدۇ. تەمى ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ. ئىچكىرىدىن چىقىدىغىنى ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلىنى بادو دەيدۇ، يەنە بىر خىلىنى خىرسە دەيدۇ. تاۋۇزنىڭ تاش قاسىرىقىغا ئوخشاش بولىدۇ.

يەنە بوغۇز ئاغرىقىنىڭ دورىسى: قاچورىدا بولىدىغان ئاق پەتىگىنى غارىقۇن دەيدۇ. بوغۇزى ئىششىپ قالغان كىشى مۇشۇ غارىقۇننى ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، قىل ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ھەر كۈنى كەچتە بىر مىسقالدىن ئىككى مىسقالغىچە مىزاجىغا بېقىپ چاچكا سۈيى بىلەن ئىچكەي. ئەگەر بۇنىڭدىن باشقا دورا قىلىدۇر بولسا ھىجامەت تارتقاي. كۆك بۇيىنى ھۆل ۋاقتىدا يانجىپ ياققاي. ئۇرۇقىنى يانجىپ يۇمشاق قىلىپ، قىلىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ھەر

كۆنى ئەتىگەن ۋە كەچتە يېرىم پۇڭدىن ئۈچ مىسقال ئاق قەنت، بىر مىسقال چاچكىنى قايىنتىپ شۇنىڭ سۈيى بىلەن ئىچكەي. قانچە ئاچچىق بولسا دورىلىقى شۇنچە كۆپ بولۇر. كۆپىنچە ھۆكۈمالار كۆك بۈيىنى يانجىپ ياققانىنى ياخشى دەپتۇ. غىزاسىغا زەردەكنى پىشۇرۇپ بۇغداي يارمىسى بىلەن يېگەي. يەللىك نەرسىلەردىن پەرھىز قىلغاي.

## مەجۇنى گۈلقەنت

بەلغەم، سەۋدا، قان، سەپرالارنى باسماق ئۈچۈن، يەللىك بوغۇم ئاغرىقلىرى، تەپ، قۇلۇنجلارنى، زاتقا تەۋە، ئىسسىققا تەۋە كېسەللىكلەرنى ساقايتماق ئۈچۈن، ئۆپكە، بېغىر، يۈرەكلەرگە كىر توختاپ دەم نەپەسكە زىديان سېلىپ ئۈيقۇ كەلتۈرمىگەن تەپكە، يۈرەككە زىيان سالغان ئىللەتلەرگە، بارچە ئەزالاردىكى ئۈششاق ئىششىق، ئۈششاق يەللەرگە ئۈشبۇ مەجۇنى گۈلقەنتنى ياساپ يېگەي.

تەركىبى: تىكىنى يوق ئوبدان قىزىل گۈلدىن تۆت سەرنى ئېلىپ پاكىز ئېرىغداپ، تۆت پاتمان ئاق شېكەرنى تۆت ئاشقورا سۇغا چىلاپ تۆت ياندۇرۇپ سۈزۈپ، كەرنى ئېلىشتۇرماي، قېلىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ بۇنىڭغا بەش مىسقال چاچكا، بەش مىسقال چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، بەش مىسقال سېرىق يۆگەي، ئۈچ دانە چوگو ئۇرۇقى، ئىككى مىسقال ئىگىر، بۇلارنى يۇمشاق يانجىپ بىر ئاشقورا سۇدا قايىنتىپ، ئوبدان تەمى چىققاندىن كېيىن، بۇ دورىلارنى، گۈلنى، چىلانغان شېكەرنى بىرلەشتۇرۇپ قايناتقاي، قايناتۇردا تال ئوتۇن ياكى تېزەك قالىسۇن. قىيامىغا يەتكەندىن كېيىن قايىنغان سۇغا ئېزىپ ئىچكەي. بىر ھەپتىگىچە بىر مىسقالدىن، ئاندىن كېيىن ئىككى مىسقالدىن ئىچسۇن. شەربەتلەرنى تۆرلۈك دورىلار بىلەن ئىچكەندە مىزاجىغا كەلتۈرۈپ ئىچكەي. غىزاسىنمۇ مىزاجىغا بېقىپ يېگەي.

ئەگەر كىشىنىڭ بەدىنىدە تۆرلۈك جاراھەتلەر پەيدا بولسا، ئۇنىڭغا تېۋىپلار ئىلاج قىلالمىسا خاراتىن دەپ بىر قۇرت بار. ھۆل يەرلەردە بولۇر، رەڭگى سېرىق، بويى ئۇزۇن، بوغۇم ـ بوغۇم بولۇر، تۈركىي تىلىدا تام تەشتى قۇرت دەپ ئاتاپدۇر. بۇ قۇرتنى تۇتۇپ، يۇمشاق يانجىپ جاراھەتكە سالسا تولا پايدا قىلۇر.

ھەببى ئەپتىمۇن سەۋدادىن بولغان ئاغرىقلارغا بېردىلىدىغان سۈرگە دورىسىدۇر. تەركىبى: ئۇستىخۇددۇس، سېرىق يۆگەي، قارا يۆگەي ئىككى يېرىم مىسقالدىن، نوقۇت، چىغىرتماق چېچىكى، قارا ھەلىلە، سېرىق ھەلىلە، قىچىنىڭ يىلتىزى، ھەر بىرى بىر يېرىم مىسقالدىن، كالا ئۆتى ئىككى پۇڭ، غارىقۇن بىر يېرىم مىسقال، ئورۇن باسارى تەرتىز. بۇ دورىلارنى ئوبدان يانجىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، بېدىيان سۈيىدە يۇغۇرۇپ، ئىككى پۇڭدىن بۆلۈپ يۇملاقداپ، ھەر قېتىمدا بەش دانىدىن يېگەي. سەھەردە يېمەك كېرەك. تۆت ـ بەش نۆۋەت سۈرگەندىن كېيىن تۇزسىز شورپا ئىچسۇن. ئارتۇق سەۋدا ماددىسى تولۇق سۈرۈپ تازىلىنىپ بولمۇغىچە تاماق يېمىسۇن، سۈرۈپ بولغاندىن كېيىن گۆش يېگەي، تاماق يېمىگەي.

## ئايارەج لۇغانزىيا

بۇ مەجۇن يامان يارىلارنى يوق قىلۇر. ھەر قانداق ئەزادا يەل سانجىغان ئىشنى يوق قىلۇر، ھوشىدىن كېتىش، پالەچ، دېۋەڭلىككە تولا پايدا قىلۇر. مەيدىنى پاك قىلۇر، باغلانغان قان تومۇرلارنى ئاچۇر. ھەيزنى راۋان قىلۇر، توختىمىغان ھەيزنى توختىتۇر، كۆكسىنى ئېچىپ دەمنى راۋان قىلۇر، بەلغەم، سەۋدادىن بولغان ئاغرىقلارنى يوق قىلۇر، بەل، بۆرەكتىكى يەللەرنى يوق قىلۇر. كونا ئىششىق، قوياڭدىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرى، پۇت ـ قول ئاغرىقلىرىنى يوق قىلۇر.

تەركىبى: شەھمى ھەنزەل بەش مىسقال، غارىقۇن، مەھمۇدە، قىچا ئۇرۇقى ھەر بىرى تۆت مىسقالدىن، ئەپتىمۇن، دارچىنلار ئۈچ مىسقالدىن، قارا سۈيزە، پىرسىياۋشان، پىتپىتى، زەپەر، كۆرتە ئۇرۇقى، دارچىن ئۇرۇقى، سېرىق يۆگەي ئۇرۇقى، سەكبىنەج، جاۋشىر، قۇندۇز قىرى، چىگىسەي ئۇرۇقى، كۈچۈلا، سېرىق چوقىقا، جوز، سۇنبۇل، ئاق چاچكىلارنىڭ ھەر بىرى ئىككى مىسقالدىن، گوياخىي، ئۇستىخۇددۇسلار ئىككى مىسقالدىن. بۇ دورىلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۇرۇپ يانجىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەسەلدە يۇغۇرۇپ بىر قېتىمدا ئىككى مىسقالدىن تۆت مىسقالغىچە يېگەي.

## ھەببى جەدۋار

ئىلگىرىكى تېۋىپلار بۇ مەجۇننىڭ تۆت يۈز تۆرلۈك خاسىيىتى بار دەپتۇ. بۇ ھەببى مۇبارەك بەدەننى كۈچلۈك قىلۇر. پالەچ، ئۈچەي توسۇلۇشنى ساقايتۇر. سۈيدۈك تېمىشنى توختىتۇر. باغلانغان سۈيدۈكنى راۋان قىلۇر. بۇ مەجۇننىڭ خاسىيىتى ھېسابسىزدۇر. دورىلىرى بۇدۇر: پىتپىتى، ئاقىرقەرھالار بەش مىسقالدىن، پارپا، بىنەپشىلەر ئىككى يېرىم مىسقالدىن، جوز، زەپەلەر بەش مىسقالدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شىكەر بىر يېرىم سەر. بۇ دورىلارنىڭ ھەممىسىنى يانجىپ گۈل سۈيىدە يۇغۇرۇپ نوقۇت چوڭلۇقىدا كۇمىلاچ قىلغاي. بادام يېغىدا ياغلاپ ھەر كۈندە ئۈچ دانىدىن يېگەي.

### پالەچنىڭ ئىلاجى

پالەچ ئاغرىقىدا يايلىلىق بۆرىنىڭ گۆشىنى قايىنتىپ، سىرىق تاش چىچىكى، ئەپتىمۇن، كان تۇزى سىلىپ گۆشى سۆڭەكلىرىدىن ئاجرىغىدەك قايىنتىپ، سۈيىنى تاۋلاپ، كېسەل كىشىنى بۇنىڭ ئۈستىگە بىر سائەت ئولتۇرغۇزغاي. ئاي بېشىدا ئۈچ كۈن، ئاي ئوتتۇرىسىدا ئۈچ كۈن، يەگىرمىسىدە ئۈچ كۈن ئەتە ـ ئاخشامدا بۇ سۈنى ئىللىتىپ ئاغرىقنى كۆمەك كېرەك.

پۇت ـ قوللار قېتىپ كۆشەپ قېلىش سوغۇق ئىسسىق ئىششىغاندىن بولۇر. قول بىلەن ئىششىقنى سىقسا ئويمان بولۇر. ئاغرىقنىڭ ئەزالىرى ئېغىر، تومۇرى بوش بولۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن پالەچنىڭ دورىسىنى قىلىش كېرەك. ئۇنىڭغا يايلىلىق بۆرىنىڭ يېغىنى سۈرگەي.

ئەگەر كىشىدە بەلغەم، سەۋدا ئاغرىقى پەيدا بولسا، ئالامىتى كىندىكنىڭ ئەتراپى تولغاپ ئاغرىۇر. مەيدە، تالنىڭ ئاغرىشى يەلنىڭ ھەر تەرەپكە يۆتكەلگەنلىكىدىن بولۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن دىنار شەربىتى بەرمەك كېرەك. دىنار شەربىتىنىڭ دورىلىرى بۇلار: كاسنى ئۇرۇقى، قىزىل گۈللەر ئىككى مىسقالدىن، كاسنى يىلتىزى، گاۋزىبان، سىرىق يۆگەي ئۇرۇقلىرى بىر مىسقالدىن. بۇلارنى بىر پىيالە سۇدا قايىنتىپ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ ئۈچ سەر قەنت سىلىپ يەنە قايىنتىپ، قىيام قىلىپ، يېرىم مىسقال رەۋەننى يانجىپ گۈل سۈيىگە چىلاپ بىر كېچە ياتقۇزۇپ، ئەتىسى سۈزۈۋېلىپ، دىنار شەربىتىگە قوشۇپ ئىككى قوشۇقتىن ئىچىش كېرەك. تامىقىغا نوقۇت سۈيى ئىچىش كېرەك. ئاغرىق پەسەيگەندىن كېيىن مەجۇنى كۆمۈنە يېگەي. زىرىنى سىركىگە چىلاپ قۇرۇتۇپ چالا يانجىپ مەجۇنگە قوشۇپ يېگەي.

مەيدە ئاغرىقى سەپرادىن بولسا ئالامىتى تولا ئۇسسايدۇ، ئاغزى ئاچچىق بولۇر. ئەگەر بەلغەمدىن بولسا ئاغزىدىن شال ئاقۇر، ئۇسسۇزلۇقى كەم بولۇر. سەۋدادىن بولسا ئاغزى ئاچچىق بولۇپ، كۆكسى كۆيەر، بۇنىڭ ئىلاجى سەۋدانى بەدەندىن ھەيدەپ چىقارغۇدەك مۇسھىل ئىچكەي. تۆرۈپ قالغان گۆش، قۇش گۆشلىرىدىن، يەللىك نەرسىلەردىن ئۆزىنى تارتقاي.

### فەرەنگىنىڭ ئىلاجى

بۇنىڭغا يا ھەببى سىماب يېگەي، يا سۇمۇق يېگەي. ھەببى سىمابنىڭ دورىلىرى: پىتپىتى تۆت مىسقال، قارا ھەلىلە ئۈچ مىسقال، يانجىپ تاسقاپ، يەتتە مىسقال سىماب، 15 مىسقال قەنتنى يۇمشاق يانجىپ ئالتە مىسقال كالا يېغىغا ھەممىسىنى سىلىپ ئېلەشتۇرگەي. تاكى سىماب ئۆلگىچە بۇ دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ ئون تۆت بۆلەك قىلىپ يۇمىلاقداپ، بىرنى كەچتە، بىرنى ئەتىگەندە يېگەي. ئۆزىنى نورمال يېپىپ يۇرگەي. ساقايغىچە تامىقىغا گۆرۈچ، ئوغلاق گۆشى شورپىسى، تۇزسىز تاماقلارنى يېگەي. يەنە دانە فەرەنگىگە ئازراق سەي، ئىككى چاڭگال كۆك چوققا تاماكىنى قۇرۇتۇپ سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ ئۈچىنى بىر قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ كۈندە يەتتە قېتىم غاڭزىدا تارتسۇن، غىزاسىغا ماشنى پىشۇرۇپ، ئەرتىز بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تۇزسىز يېگەي. دانە فەرەنگىنى بوز باغى، كەت ھىندى، ھەلىلە، موزىلارنى بىر مىسقالدىن ئېلىپ يۇمشاق يانجىپ سىرتىدىن سالماق كېرەك.

### چاھار شەربەتنىڭ خاسىيىتى

سەپراسى تولا كىشى سەھەردە بىئارام بولۇر، ئاچچىقى يامان بولۇر، ئۇيقۇسى كەلمەس، بەتخۇي بولۇر. تومۇرى ئىنچىكە، ئىتتىك سالۇر. ئاغزى ـ بۇرنى قۇرۇپ تۇرۇر. بۇنىڭغا چاھار شەربەت، ئىسكەنجىبىن بەرمەك كېرەك. چاھار شەربەتنىڭ دورىلىرى: تەمرى ھىندى ئۈچ سەر، سەرخىشت ئۈچ سەر، ئەينولا 30 دانە، بۇلارنى بىر پىيالە سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ، ئوبدان تەمى چىققاندا سۈزۈۋېلىپ، ئىككى قوشۇق گۈل سۈيى قوشۇپ ئىچمەك كېرەك. بەلغەمدىن بولسا يۈزى ئاق بولۇر، بۇرنى ھۆل بولۇر. ئاغزىدىن شال ئاقۇر، ئۇنتۇغاق بولۇر، يېڭى باشلانغاندا تۆت كۈن ئۇدا ھەسەل سۈيىدىن باشقا ھېچنەرسىنى يېمىگەي. ھەسەل سۈيى بۇدۇر: بىر سەر ھەسەلنى ئون سەر سۇدا قايىنتىپ ئالتە سەر قالغاندا ئۈچكە بۆلۈپ ھەر كۈنى بىر بۆلەكنى ئىچكەي. تۆت كۈندىن كېيىن مائۇل ئۇسۇل بەرمەك كېرەك. مائۇل ئۇسۇلنىڭ دورىلىرى بۇلار: بېدىيان يىلتىزى، كەرەپشە، ئىزخىرلارنىڭ ھەر بىرى ئىككى مىسقالدىن، بۇلارنى ئىككى پىيالە سۇدا قايىنتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ ئېلىپ، بىر سەر ھەسەل سىلىپ يەنە قايىنتىپ تۇخۇم بەلەن ساپ قىلىپ بىر قوشۇق شەربەتكە مۇۋاپىق قايناق سۇ چېقىپ ئىچمەك كېرەك.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن

# ئالتە شەھەرگە ساياھەت



نۇغمان باياندىن (قازاقستان)

ئۇ چاغلاردا بۇ ساياھەت تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك ھۆكۈمرانلار قەشقەرگە بىرمۇ ياۋروپالىقنى كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن ھەممىۋا چارە ـ تەدبىرلىرىنى قوللىنىۋاتقانىدى. چۈنكى، ئىنگلىزلار قەشقەرگە ھىندىستان ئارقىلىق قول سوزۇپ، قەشقەرلىكلەرنى چىڭ خاندانلىقىغا بويسۇنماسلىققا كۈش ـ كۈشلەپ، قورال ـ ياراغ بەرمەكچى دېگەن پىتنە ـ ئىغۋا تارقالغانىدى. بۇ مىش ـ مىش گەپلەر يەرلىك خەلق ۋەكىللىرىنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنچسىزلىك بىلەن قاراشقا مەجبۇر قىلدى. مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا چوقان پ.پ سىمونوف تيانشانسكىينىڭ ياردىمى بىلەن ئالتە شەھەر ئېلىگە ئاتلاندى. چوقان زارىقىپ كۈتكەن مۇسابايىنىڭ كارۋىنىغا 1858 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇل كۈنى قاپال قەلئەسى ئەتراپىدىكى قارامولادىن قوشۇلدى. كارۋان تەركىبىدە جەمئىي 43 ئادەم، 101 تۆگە، 65 ئات، ئالتە كىگىز ئۆي بار، ئالتۇن قىممىتىدە 18545 سوملۇق نەرسە ـ كېرەك بار ئىدى.

مۇساباي چوقاننى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى، قوي سويۇپ مېھمان قىلدى، قونۇق بار (مېھمان) ئىشى بەردى. چوقانغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەھۋاللارنى كارۋان ئەزالىرىغا تامامەن چۈشەندۈرۈپ، بۇ مەخپىيەتنى چىش يېرىپ ئاشكارىلىماسلىققا ھەممەيلەندىن قەسەم ئالدى: ئارىمىزدىكى قەدىرلىك ئادەمنى قەشقەرگە ئامان ـ ئېسەن ئېلىپ بېرىپ، ئامان ـ ئېسەن ئېلىپ قايتىش ئار ـ نومۇس، ئادىمگەرچىلىكىمىزگە يۈكلىنىۋاتىدۇ. قانداق قىيىنچىلىق يولۇقسىمۇ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلايلى، دەپ سۆزىنى تۈگەتتى ئۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار كەتمەن تېغىدىن ئېقىپ كەلگەن كېگەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يولدا يەتتە قونۇپ، 8 ـ ئاۋغۇستتا قىرغىز يايلاقلىرىنىڭ بىر چېتىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردىكى قىرغىزلار ئارىسىدا بىر ئايچە تۇردى ـ دە، بۇقاش ئاۋىپبايېفنىڭ سۆزى بىلەن رۇس تاۋارلىرىنىڭ بىر تېلىنى 3000 قويغا ئايرىۋاشلاپ سېتىپ، قويلارنى ھەيدەپ ماڭدى. چۈنكى، قەشقەردە مال ئاز، بولۇپمۇ قوي قىممەت ۋە ئۆتۈملۈك ئىدى.

ئەمدىكى يول مەشھۇر سان ـ تاش داۋىنىغا كۆتۈرۈلدى. مۇساباي چوقانغا بۇ داۋاننىڭ نېمە ئۈچۈن «سانت ـ تاش» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ چاغدا ئىسسىق كۆلنىڭ كۆكۈمتۈل قۇچاقلىرى، ئەگمىلەنگەن مانانلىق تاغلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. باياتىنىياقى ئۇندىمەي ئاڭلىغان چوقان چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆتمۈشىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭ بۈيۈك تارىخى بار، پەقەت ئەمىر تۆمۈرگە ئوخشاش قوماندانلارلا ئۆتكەن ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدا بۇ يەرلەردە ئالەمگە مەشھۇر ئۆلىمالار، پەيلاسوپلار، شائىرلار، ئاسترونوملارمۇ ئۆتكەن. ئەبۇئەلى ئىبنى سىنانىڭ، ئەلفا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رابىنىڭ، ئەل برونىينىڭ، شائىر ئەلىشىر ناۋائىينىڭ، ئاسترونوم ئۇلۇغبەگنىڭ بىلىمى پۈتكۈل ياۋروپاغا تارالدى ئەمەسمۇ، دەپ ئويلاندى ئۇ ئىچىدە.

كارۋان توققۇزىنچى كۈنى قىزىلسۇدا قوندى. ئەتىسى تەسكەي ئالاتاۋ ئېتىكىدىكى بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى پ.پ سىمونوف كېلىپ كەتكەن زاۋكە چاتقاللىقىدىن چۈشتى. چاتقاللىقنىڭ قاپتىلى تېتىك، داۋىنىنىڭ ئېگىزلىكى 1500 مېتىرچە بار ئىدى. تۇيۇقسىز ياغقان قار، داۋاندىن ئېشىشنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرغانىدى. تۆگىلەر بىلەن يۈك ئارتىلغان يىلقىلار قىياغا يامىشىپ چىقىۋاتقاندا ئاياغلىرى ھېلىدىن ھېلىغا تېيىلىپ تېگى يوق ھاڭنىڭ تېگىگە خۇددى تاشتەك پېتىپ كۆزدىن غايىب بولۇشاتتى.

چوقان ۋەلىخانوف يول بويى كۈندىلىك پۈتۈك پۈتۈپ تۇردى. بۇ كۈندىلىك پۈتۈككە ئۇ يۈرگەن يوللىرىنى، كۆرگەن جايلىرى ھەققىدە جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلارنى، كارۋان توختاپ ئۆتكەن يەرلەردە ئاڭلىغان رىۋايەتلىرى بىلەن قوشاقلارنى پۈتۈۋالدى. بىراق، تېرەك داۋىنىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى جۇڭگو چېگرىسىغا يېقىن قالغان يەردە، ۋەلىخانوف ئۆزىنىڭ كۈندىلىك پۈتۈكى بىلەن خوشلىشىشقا مەجبۇر بولدى. چېگرادىكى جىم يول بويىدا ئاختۇرۇلۇپ قېلىشتىن خەۋپسىنىپ ھەمدە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەرگە بىرمۇ ياۋروپالىقنى بارغۇزماسلىققا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلىپ، گۇمان پەيدا قىلىدىغۇ، دېگەن خىيال بىلەن پۈتۈكلىرىنى شۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويدى.

شۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۇ كۈندىلىك پۈتۈكنى ئېچىپ، ئاخىرقى چاغلاردا يېزىلغان بىر تالاي سۆزلىرىنى ئوقۇدى:

«سوغۇقتىن ھالسىراپ، لەۋلىرىمىز يېرىلىپ، ئاغزىمىزنى ئاچالمايدىغان ھالغا چۈشتۇق، قېلىن بەلۋاغ بىلەن قىستاپ باغلاپ كىيگەن تونلىرىمىز بار، بۇرۇنلىرىمىز قىزىرىپ، يۈزلىرىمىز كۆكىرىپ، ئۆزىمىز بۇددانىڭ بۇرخانلىرىغا ئوخشاپ قالدۇق. يۇپيۇمشاق كىيىملىرىمىز ئۆزىمىزنى ساۋۇتتەك قىسىپ قولىمىزنى قىمىرلاتمايدۇ. خۇددى قۇدۇققا چۈشكەن تاشقا ئوخشاش ھەممىمىزدە ئۈن ـ تىن يوق. ئەتراپىمىزدىكى مەنزىرىلەر قەدىمىمىزنى تېخىمۇ سۇندۇرۇپ ئاللىقانداق ئېغىر خىياللارغا يېتىلەيدۇ. ئەتراپ ياپيالىڭاچ، گىياھ دەپ بىر نېمە يوق. ھۆۋۈلداپ ياتقان بەدرەڭ ساپسېرىق دالا. ھەنىنۋا يەرنى يىلقا بىلەن قويلارنىڭ قاقشال سۆڭەكلىرى بېسىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ گاھىبىرلىرىنىڭ ھېلىمۇ ئامان ساقلانغان تېرىلىرى بىلەن قان ـ سۆلى ئەكچىپ ـ قۇرۇپ كەتكەن قاپقارا گۆشلىرى بار. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، كارۋانغا ئەندىجان (ئۆزبېكىستاندىكى قەدىمي شەھەر، قىرغىزىستان چېگرىسىغا يېقىن يەردە) سارىيىغا ئورۇنلىشىشقا رۇخسەت قىلىنىپ، ئېلىپ كەلگەن تاۋارلىرى كارۋان سارىينىڭ 11 دۇكىنىغا قويۇلدى.

بىراق شۇ كۈنى چوقان خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدى. شەھەرنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى خادا قېقىلىپ، ئارغامچىغا ئېلىپ قويۇلغان ئادەم بېشىدىن ياسالغان «پىرامىدالار» ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەي قويدى.

شەھەر ئاقساقىلى نەسىردىن مۇسابايغا ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى يىگىرمە يىلدىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن «ئەلىمبايغا» تولۇق ئىشىنىپ ئۇلارنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. ھېكىمبەگ ھوشيارلىق قىلىپ، كارۋان ماللىرىنى تەكشۈرۈشكە ھېلىدىن ھېلىغا ئادەم ئەۋەتىپ تۇردى. ئاخىر، ئامبال (چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نازارەتچىسى) ھۇزۇرىغا كارۋان بېشىنى چاقىرتتى.

ئۇلار ئىگەرلەنگەن ئىككى ئاتقا مىنىپ، شەھەر چېتىدىكى چوڭ ئاق چېدىرغا كەلدى. چېدىر ئىچىدىكى تۆت ئادەمنىڭ چوڭ ئىككىسى ئامبال بىلەن ھېكىمبەگ بولۇپ چىقتى. قول باغلاپ، سالام قىلىپ بارغان بۇلارغا ئامبال ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئۇزاققىچە مىختەك قادىلىپ قارىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇ تىلىدا: «بۇلار ئورۇسمۇ، تاتارمۇ ئەمەسكەن، ئاقساقال (نەسىردىن) توغرا دەپتۇ، ئۇلار ئەنجانلىقلار ئىكەن»، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامبال ئىللىق جىلمىيىپ، كارۋان بېشىغا سوئال قويۇشقا باشلىدى. مۇسابای ئۇنىڭغا دۇدۇقلىماي جاۋاب بەردى. خوشلىشىپ چىقىدىغان مەزگىلدە ئامباللار بۇلارغا: «تاۋارلىرىڭلار خېرىدارلىق بولسۇن» دەپ رازىمەنلىك بىلدۈردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا يول مۇتلەق ئوچۇق بولدى. كارۋان سارىيىدا سودا قىزىپ كەتتى. كەچقۇرۇنلۇقى ئاقساقال بىلەن غوللۇق سودىگەرلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، ھۆرمەت ئىھتىراملىق تونۇشۇش ئەنجۈمەنى ئۆتتى. داستىخانغا ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن بوز ـ شاراپلار كەلتۈرۈلدى. «ئەلىمباينىڭ» تولۇپ ـ تاشقان تۇغقانلىرى قىن ـ قىنىغا پاتماي سۇدەك ئاقماقتا ئىدى. بىرىدىن

كېيىن بىرى ئۇنى ۋە يولداشلىرىنى مېھمانغا چاقىردى. ھەتتا، يىگىرمە يىل كۆرۈشمىگەن قېرى مومىسى نەۋرىسىگە سوۋغا ـ سالامىمۇ ئەۋەتىپتۇ.

قارشى ئېلىش مۇراسىمى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئەندىجان سارىيىنىڭ كەڭ بۆلمىسىدە كارۋان بېشى بىلەن «ئەلىمباي» خىرامان ھالدا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى ھېكايە قىلىشتى.

ــمۇسا ئاغا، چارچاپ كەتتىم، ئۆزۈمنى ھەمىشە قىلىنىڭ ئۇستىدە ماڭغاندەك سېزىمەن. مەن سىزنىڭ تەمكىن مىجەزىڭىزگە، قالتىس تۆزلىكىڭىزگە، قىلنى قىرىق ياردىغان چارە ـ تەدبىرلىكلىكىڭىزگە ھەيران قېلىپ، زەن سالىمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىز كارامەت دېپلوماتسىز.

ــتىين ـ تەڭگە تېپىپ كۈن ئېلىۋاتقان ئادەتتىكى سودىگەرگە دېپلومات بولۇش نەدە؟ دېگەنلىرىڭ پەقەت مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياساپ قويغىنىڭغۇ، چوقانجان!

ــياق، بۇ مېنىڭ ئىمانەن راست گېپىم. سىز تالانىڭمۇ، قەلئەنىڭمۇ، دالانىڭمۇ سىنىقىدىن ئۆتكەن ھەقىقىي دېپلوماتسىز.

ــچوقانجان، مۇشۇنداق خالىي قالغاندا ساڭا ئېيتىدىغان بىر سىرىم ۋە تىلىكىم بار ئىدى.

ــقانداق تىلەك؟ ئېيتىڭچۇ، مۇسا ئاغا؟!

ــئېيتسام، بىز ئەنجانلىق مۇسۇلمان كارۋانلىرى بولغاندىكىن، بىز ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىماي سودا ـ سېتىقىمىزنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىۋاتىمىز. ۋەھالەنكى، بىزنى يەرلىك ھاكىملار تېخىچە نازارەت قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا بىزگە كۆپ ھوشيار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ــئەمىسە، مېنى نېمە قىل دەيسىز ئاغا؟

ــئەمىسە، ساڭا ئوخشاش ياش يىگىت ۋاقىتلىق ئۆيلىنىشى كېرەك.

ــقانداقسىگە مۇسا ئاغا؟

ــئەتىلىككە كۈنگە جۈمە، ئىككىمىز بازارغا بىللە چىقىپ بىر پەرىنى تاللايمىزدە، سەن ئاشۇ پەرى بىلەن نىكاھلىنىسەن.

چوقان دەسلەپتە تاتىرىپ، چۆچۈپ كەتتى. ھەدېگەندە ھېچنېمە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى ـ دە، سەل ـ پەل ئۆتكەندىن كېيىنلا:

ــمۇسا ئاغا، ئۆيلىنىش مەسىلىسىگە مېنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىمنى سىز ياخشى بىلىسىز، بۇ ئويۇنچۇق ئەمەسقۇ، گەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ھەقىقىي مۇھەببەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن مەھلىيالىق لازىمغۇ ــ دەپ سۆزلەۋاتقاندى، مۇساباي ئۇنىڭ سۆزى ئاياغلاشماستىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چوقاننى كەينىدىن چىڭ قۇچاقلاپ:

ــتەۋەككۈل قىلماي ئىلىمدا نەتىجە يوق، دەپ ئۆزۈڭ ئېيتىسەنغۇ، نىشانلىغان مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەۋەككۈل قىلىش كېرەك، بولمىسا، سەندەك ياش يۇمران يىگىتنىڭ ئۆيلەنمەي يۈرۈشى گۇمان پەيدا قىلىشى تۇرغان گەپ. ناۋادا، بۇنداق قىلمىساق ئەھۋالىمىز چورت قىينىلاپ كېتىدۇ، چوقانجان.

ــبەك بولمىسا بىرەر كۈن ئويلىنايچۇ، ئاغا.

ــياق، ئويلىنىشقا بولمايدۇ. ئەتىلىككە بېرىپ نىكاھ ئوقۇتىسەن، بولمىسا، گۇمان توغدۇرۇپ ئالىمىز،ــدەپ كۆپنى كۆرگەن مۇساباي كېسىپ ئېيتتى.

ــماقۇل ئەمىسە، قالغان ئىشلارنى ئەتە كۆرەيلى ــ دېدى چوقان خوشلىشىدىغان چاغدا.مۇساباي كەتكەندىن كېيىن ئۇ كۆپ ئويلارغا كەتتى. باللىق دەۋرىنى، كادېت مەكتىپىدىكى چاغلىرىنى، ئۇ يەردىكى دوستلىرىنى، كاتەرىنا بىلەن ئاتقا مىنىپ سەيلە قىلغان مەزگىللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. تۈن بويى ئاغناقشىپ چىققان چوقان سەھەرلەپ مۇساباي ئىشىك قاققاندا شېرىن ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. يۇيۇنۇپ بولۇپ ئىككەيلەن چايغا ئولتۇردى.

ــچوقانجان، ئەمدى ماڭايلى،ــدەپ مۇسابايگەپنى قىسقارتتى.

ئۇلار بىردەم يۈرۈپ، چوڭ ئۆيگە كىردى ـ دە، مەغلدىغان چوكانلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسىنى تاللىۋېلىپ، شۇ يەردە قۇرئان ئېچىپ، ئولتۇرغان بوۋايغا ئازراق پۇل بېرىپ، نىكاھ ئوقۇتتى. شۇنىڭدىن كېيىن چوقان «ئايالى»نى ئەگەشتۈرۈپ بازار ئارىلىدى. رەڭگارەڭ ئېسىل كىيىملەرنى سېتىۋېلىپ، ئايالنى ۋاللىدە كىيىندۈردى.

كارۋان سارايدا سودا ـ سېتىق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇ قەشقەردىكى، قوقاندىكى، بۇخارادىكى ھەر خىل سودىگەرلەر بىلەن ھەمدە بىلىم بىلەن دىنغا يېتۈك شائىرلار بىلەن، بەزى ئامباللار بىلەن، 1825 ـ ۋە 1857 ـ يىللاردا قەشقەردە ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلغان كىشىلەر بىلەن تونۇشتى، دوستلاشتى. ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقاچ بۇ يۇرتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئالتە شەھرى توغرىسىدا مەلۇمات يىغدى. چۈنكى، مۇشۇ شەھەرلەرنى مۇشۇ كەمگىچە ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى، بىر - بىرىدىن قانچىلىك يىراقلىقى، ئۇلارنىڭ نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس ئىدى.

بۇ ئالتەشەھەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇستەقىل ئالاھىدىلىكلىرى بار. قەشقەرنىڭ نامى چاي سودىسى بىلەن چىققان يەنى گىبارنىڭ ئېتى ھېكىمبەگنىڭ باغچىسىدا ئۆسىدىغان كۆك ئۆسۈملۈك بىلەن ئەپيۇن ئارقىلىق چىققان. قەشقەرلىكلەرنىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى ياركەنتنىڭ نامى پادىشاھ ئورۇنباسارنىڭ ئوردىسى ئارقىلىق، پۈتكۈل قەشقەرىيەدىكى بۇرۇنقى زاماندىن كېلىۋاتقان ئېگىز مۇنارلىق مەسچىتلەر بىلەن ھەمدە قۇل سودىسى ئارقىلىق چىققان. باغۇ - بوستانلىقتا جايلاشقان خوتەن شەھىرىنىڭ نامى يىپەك قۇرتلىرى بىلەن ھەمدە «دەريا» ناملىق يىپەكلەر، بۆزماتا، گىلەملەر، ناماتىمان كىگىزلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئالەمگە مەشھۇر بولغان. ئاقسۇنىڭ نامى ئېسىل تېرە ئىشلەپچىقىرىش ۋە قويغا باي يۇرت بولۇشى بىلەن مەلۇم بولغان. ئەڭ كىچىك شەھەر 3000 چىلا ئۆيى بار ئۇچتۇرپان 1765 - يىلى قوزغىلاڭ مەزگىلىدە، بارلىق خەلقنى چىڭ ئەسكەرلىرى قىرىپ تاشلىغانلىقتىن ھەسرەتلىك ئەھۋالغا چۈشكەن. ئۇ يەردىكى قىرىلغان ئادەملەرنىڭ ئورنىغا يۇرتنىڭ ھەر تەرىپىدىن ئەكىلىنىپ بەش يۈز ئۆيلۈك ئېكىنچى دېھقان ئورۇنلاشتۇرۇلغان. سودا - سېتىقتىن ئارا بولغان چاغلاردا، چوقان ۋەلىخانمۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەتراپىنى ئارىلاپ، ئولتۇراقلاشقان خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلدى. كەچلىكى كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى خاتىرىگە تۇرتۇپ تۇردى. چوكان بولسا قاچان يېزىپ بولاركىن دەپ ئۈن تىنىسىز كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ چوقاننىڭ مۇشۇ يېزىپ قويۇۋاتقانلىرىنى كۈنسايىن سودىدىن تاپقان ئولجىلىرىنىڭ ھېسابىمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدى.

چوكان بىر قېتىم «ئەلىمباي»غا ۋالىخان تۆرىنىڭ قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ ئەپيۇنگە بېرىلگەن مەزگىلىدە تولىمۇ رەھىمسىز ئىكەنلىكى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى.

قەشقەرنىڭ نامى چىققان قورال ياسايدىغان بىر ئۇستىسى ۋەلىخان تۆرىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئېسىل قىلىچلىرىنى سوۋغا قىلماقچى بولۇپ، خان ئوردىسىغا بالىسىنى ئەگەشتۈرگەچ بارىدۇ. بۇ بالا غوجامنىڭ ئالدىدا تىزىنى پۈكۈپ، بېشىنى ئېگىپ، كۆرسىتىشكە ئەكەلگەن قىلىچلىرىنى تۆرىنىڭ قولىغا بېرىپ تۇرىدۇ. قىلىچلار قالتىس ئېسىل ياسالغاچقا ۋەلىخان تۆرىگە تولىمۇ ياقىدۇ. غوجامنىڭ كۆڭلى يايراپ، ھەتتا ئۇستىسىغا ئۆزىنىڭ قولىدىن سۆيۈشكە رۇخسەت قىلىدۇ.

ئۆيگە كەلگەن ئىككەيلەن تۆرىگە راۋرۇس جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ۋەلىخان تۆرە قىلىچلارنىڭ بىرىنى غىلاپتىن چىقىرىپ:

—ئۆزۈڭلار دېگەندەك ماۋۇ قىلىچىڭلار ھەقىقەتەن ئۆتكۈرمۇ؟—دەپ سوراپتۇ.

—ئۆتكۈر،—دەپتۇ ئۇستام.

—ئەمىسە سىناپ باقايچۇ،—دەپ غوجام قىلىچىنى شىلتىپ، ئۇستىنىڭ بالىسىنىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلايدۇ - دە، كۆك قويۇقچا يۇققان قىزىل قاننىڭ ئىزىنى كۆرۈپ:

—ھەئە، كارامەت ئۆتكۈر قىلىچ ئىكەن،—دەيدۇ ۋە ئۇستىغا زەر تون ياپىدۇ...

چوكان بۇ ھېكايىنىڭ كەينىدىن بىر چاغلاردا، شەھەرنى چىڭ ئەسكەرلىرى قورشاپ ئالغان ۋاقىتتا، غوجامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر ئۇزۇن چاچلىق چەت ئەللىكنىڭ بېشىنىڭ قانداق كېسىلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

ئاشۇ ياۋروپالىقنىڭ قازاسىنى ئاڭلاپ، چوقان قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، ئايالدىن قەشقەرگە كەلگەن مۇشۇ ئاجايىب - غارايىپ ئادەم توغرۇلۇق تولۇقراق ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

ئۇنىڭ بويىمۇ، چېچىمۇ ئۇزۇن ۋە بېشىدا ھېچقانداق بۆكىمۇ يوق ئىدى،—دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى چوكان،—ئۇ قەشقەرگە كېلىپ، ۋەلىخان تۆرەمگە سالامغا بېرىشتىن ئىلگىرى، مەرغىلانلىق نامانباي دېگەن باي سودىگەرنى ئىزدەيدۇ. ئۇنىڭدىن خوجىغا سوۋغات قىلىش ئۈچۈن ھىندىستاننىڭ ئالتۇن - زەرلىك تونى بىلەن كەشمىرنىڭ سەللىسىنى سورايدۇ. بىراق، نامانباي ئۇنىڭ بۇ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ.

دەل مۇشۇ ئەسنادا، ۋەلىخان تۆرىنىڭ سەرۋازلىرى بۇ ئۇزۇن چاچلىق ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ، خوجىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار بۇ ئەجنەبىي ئۆزىنىڭ پاراسەتكە باي مەسلىھەتى بىلەن شەھەرنىڭ تۆۋىدە تۇرغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈشنىڭ يولىنى تېپىشقا ياردەملىشەر، دەپ مۆلچەرلىگەنىدى. لېكىن، شۇ كۈنى ۋەلىخان تۆرە ئەپيۇن چېكىش بىلەن بولىدۇ - دە، ئۇنى ھېچكىممۇ يارنەمگە چاقىرمايدۇ. ئەقلى - ھوشى جايىدا ئەمەس تۆرە ئۇنىڭدىن پەقەت كۆتۈرۈپ يۈرگەن بارلىق ھۆججەتلىرىنى

تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاشۇ ھۆججەتلەردە ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىق تۇرغاندەكلا ئەجنەبىي ئۇنىڭغا كاندەك يېپىشىپ بەرمەي قويىدۇ.

ئۆزىنىڭ ئېيتىۋاتقان ۋەقەلىرىگە كۆيۈنىشىنىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراۋاتقانلىقىغا ھەيران قالغان چوكان سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:

ــ مەن چەت ئەللىك ئەجنەبىينى مەسچىتتى بار مەيدان بىلەن شەھەر دەرۋازىسىغا ئەكىتىۋاتقاندا كۆردۈم. كۈن پېتىشتىن چىققان شامال ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى لەپىلدىتىپ، چاچلىرىنى پاخپايتىۋەتكەنىدى. چەت ئەللىك ئەجنەبىي قەدىمىنى كەڭرى ئېلىپ، ئىلدام مېڭىپ كېتىۋېتىپ، ھېلىدىن ھېلىغا تاغلارنىڭ چوققىسىغا توختىماي قارايتتى. بىر ھازادىن كېيىن، ۋەلىخان تۆرىنىڭ سەرۋازلىرى ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، قىزىلسۇ دەرياسىنىڭ بويىدىكى كېسىلگەن باشلاردىن قوپۇرۇلغان تۆپىلىكنىڭ بېشىغا ئاپىرىپ تاشلىدى. ئۇ باشقا باشلارغا باققاندا ئۆزىنىڭ ئاپئاقلىقى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى.

ۋەلىخان تۆرىنىڭ چەت ئەللىك ئەجنەبىينىڭ ھۆججەتلىرىنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكىنى قەشقەرلىكلەرنىڭ ھېچقايسىسى بىلمەيدىغانلىقتىن، ھېكايىنىڭ داۋامىنى چوكانمۇ قاملاشتۇرۇپ ئېيتىپ بېرەلمىدى. ھالبۇكى، چوكان «ئۆزۈن چاچ ئەجنەبىي»نىڭ مەشھۇر جۇغراپىيىشۇناس ئالىم، دوكتور ئادولف شلاگىنۋەيت ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھىندىستاندىن قاراقۇرۇم تېغىنىڭ قاراقۇرۇم ئارتى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئازىيىگە ئۆتۈپ خانتەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي تىزمىلىرىغا يېتەكچى بولغان قەيسەر ساياھەتچى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى.

چوقان قەشقەردە بەش يېرىم ئاي تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى جامائەتچىلىك، ئۇ يەرنىڭ تارىخى، خەلقىنىڭ تۇرمۇش ـ ئەھۋالاتى بىلەن تولۇق تونۇشتى. ئۇ ئەمدى ئامان ـ ئېسەن تۇرغان چېغىدا، كۆزگە چۈشمەي يۇرتىغا قايتىشنى ئويلاپ، مۇساباي بىلەن مەسلىھەتلەشتى ـ دە، دەرھال يولغا چىقىش تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلدى. چۈنكى، قەشقەرگە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن سودىگەرلەر: «مۇساباي كارۋىنى بىلەن يوشۇرۇنۇپ ئورۇس ئوفىتسېرى چېگرىدىن ئۆتۈپتۇ دېگەن خەۋەر قوقان خانلىقىغا قەدەر يېتىپتۇ» دەپ كېلىدۇ. ئىز باستۇرۇپلا قوقان خانلىقىغا ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار ئورۇس ئوفىتسېرنى تاپالماي كەينىگە قايتىشىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق مىش ـ مىش گەپلەر، يالغۇز ئاتلىق چوقانغا خەۋپ ـ خەتەر يەتكۈزۈپ ئۇنى دەرھال يۇرتىغا قايتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

1859 ـ يىلى 11 ـ فېۋرالدا مۇساباي كارۋىنى شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ، تۈمەن دەرياسىدىكى ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، يۇرتىغا قاراپ يولغا راۋان بولدى. چوقان ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان يۈك ـ تاقلىرىنى چىلىڭ تېڭىپ ئايرىم نار تۆگىگە ئارتتى.

ئىلىم دۇنياسىغا ناتونۇش بولغان ئالتە شەھەردىن چوقان نۇرغۇنلىغان كونا كىتابلار، جۈملىدىن مەشھۇر «تەزكىرەئىي قۇت جاھان»نىڭ قولىيازمىسىنى ئالغاچ كېتىدۇ. بۇ كىتابتا مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىنىڭ تەزىملىكى، قەشقەرنىڭ دىنىي باشچىلىرى، شۇنداقلا بۇ تەۋەنىڭ باشقا تارىخىي ئۇچۇرلىرى يېزىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نۇرغۇنلىغان ئۆسۈملىكلەر، تاغ مەدەنلىرى ۋە مىنېراللار ھەققىدە مەلۇماتلار، كونا كىيىم ـ كېچەك ئۈلگىلىرى، يەرلىك ئاھالىنىڭ تۈرلۈك بۇيۇملىرى، گەزلىمىلىرى ۋە باشقا قىممەتلىك ماددىي بۇيۇملىرىمۇ بار ئىدى.

چوقان قەشقەردە بولغان ئاز ۋاقىت ئىچىدە، ھەممىۋا ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، تارىخىي، ئېتنوگرافىيىلىك، ئىقتىسادىي، جۇغراپىيىلىك، مىنېرالوگىيىلىك، فىزىكا، جۇغراپىيىلىك تولىمۇ قىممەتلىك مول ماتېرىياللارنى توپلاپ ئالغانىدى.

چوقان ئەڭ ئالدى بىلەن بارغان يەرلىرىنىڭ فىزىكا، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ، تەبىئىتىنى خاتىرىلەپ تۇرغانىدى. بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن، چوقانىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرەيلى:

«كىچىك بۇخارانىڭ دەريالىرى تارىم ـ گولا سىستېمىسىغا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ قاراقۇرۇم تېغىدىن باشلىنىدىغان گاھىبىرلىرى كۆللەرگە قۇيۇلىدۇ ياكى قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ سىستېمىدىكى غوللۇق دەريالار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ئاقسۇ دەرياسى، قاشبىت دەرياسى، خوتەن دەرياسى؛ ئۇ دەريالارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنلىرىدا كېمە ماڭىدۇ. كىچىك بۇخارادا نۇرغۇن كۆللەر بار. ئۇلار ئىچكى چۆل ـ داللارنىڭ ئۆپچۆرىسىدە. سۈيى قىرتاق، تۇز تېتىيدۇ. كىچىك بۇخارانىڭ دەريا ۋە كۆللىرىدە بېلىق تولىمۇ كۆپ».

چوقان قەشقەردە نۇرمۇھەممەد داتقا بىلەن دوستلىشىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا ئۇ ھېچكىمگە ئىشەنمەي، دوستىنى ئۆزى قەشقەر قوۋۇقىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئاپىرىپ،

خوشلىشىپ قايتقانىدى. چوقاننىڭ ۋاقىتلىق نىكاھلانغان ئايالى كۆيۈسى چوقاننى مۇشۇ قوۋۇقىچە ئۇزىتىپ كېلىپ خوشلاشقان ۋە قىيمىغان ھالدا ئامالسىز كەينىگە قايتقانىدى. بۇ چاغدا چوقانغا ئاقىۋول تىلەپ كەلگەنلەر تولىمۇ كۆپ ئىدى.

كارۋان قايتىشىدا بۇلتۇر كەلگەن يولى بىلەن ماڭماي توين دەرياسى بويى بىلەن مېڭىپ 18 ـ فېۋرال كۈنى قىلىن قار كېچىپ يۈرۈپ چېدىر كۆزنگە ئارانبالالىقتا يەتتى. يولاي چوقان يوشۇرۇن بېرىپ، بۇلتۇر شەھەرگە كىرىدىغان چاغدا تىقىپ قويغان كۈندىلىك خاتىرىسىنى قېزىپ ئالدۇ.

چېگرادىكى زىياۋكە داۋىنىدىن داۋاپ چۈشكەندە كارۋاننى سارباغىش قەبىلىسىنىڭ ئامبىلى تۆرە كەلدى بىر توپ قول چوماقلىرى بىلەن قورشۇۋېلىپ، تۇتقۇن قىلىدۇ. بۇلارمۇ سەمەي كارۋىنىدا پوروچىك ۋەلىخانوف دېگەن بىراۋ بار دەپ كىملەردىندۇ ئاڭلاپ، ئاتايىتەن يول توسۇپ يۈرگەنىكەن. مۇساباي تۆرە كەلدىگە تون كىيگۈزۈپ، مۇرەسسە قىلماقچى بولغاندا، تۆرە كەلدى:

— نېمە؟ سەن مېنى ئىت چۈپۈر ئەسكى چاپىنىڭ بىلەن ئالدىماقچىمۇسەن؟ ئالدى بىلەن سەن ماڭا ۋەلىخانوفنى تېپىپ بەر! — دەيدۇ.

— بىزدە ۋەلىخانوف دېگەن بىرى يوق، — دېدى مۇساباي، تۆرە كەلدى يېنىدا تۇرغان نۆكەرلىرىنىڭ بەرىگە ئىمەك قىقۋىدى ئۇ ئالدىغا چىقىپ، چوقاننى قولى بىلەن كۆرسەتتى:

— ۋەلىخانوف ئەنە تۇرامدۇ، مەن ئۇنى ۋېرنىيې قەلئەسىدە كۆرگەنىدىم، — دەيدۇ.

— ھەي، تونىڭنى بىزگە بەر، — دەيدۇ چوقانغا تۆرە كەلدى. چوقان لام ـ جىم دېمەي تونىنى يېشىپ بېرىدۇ. تۆرە كەلدىنىڭ ئەلپازى يامان، رەھىمسىز. بۇلارنى تۇتقۇن دەپ قارىدى.

— سەن ئورۇسلارنىڭ ئايغاقچىسىسەن، مەن سېنى قوقانخانغا ئاپىرىپ بېرىمەن. بېشىڭنى كېسىدۇ ـ دە، ماڭا داتقا دېگەن ئۇنۋان بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ماۋۇ كارۋان پۈتۈنلەي مېنىڭ بولىدۇ. سىلەرنىڭ قوقان خانلىقىنى ئالداپ كەتكىنىڭلارنى بىلىپ، قوغلىغۇچىلارنى ئەۋەتتى، ئۇلارمۇ كېچىكمەي بۇ يەرگە كېلىدۇ. ئەمدى مەندىن قۇتۇلالمايسىلەر، — دەپ تۆرە كەلدى قارا نىيىتىنى ئوچۇق ئېيتىۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ، كارۋان تۆرە كەلدىنىڭ تۇتقۇنلىقىدا بىر نەچچە كۈن تۇردى. ئىشنىڭ ئاخىرى چاتاققا ئۆرلەي دەپ تۇرغاندا، كىملىكى نامەلۇم بىراۋ ۋېرنىيغا: «ئىچىدە چوقان بار، مۇساباي كارۋىنىنى سارباغىشلار تۇتقۇن قىلىۋالدى» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى (شۇ كىشىنىڭ كىملىكى تا ھازىرغىچە نامەلۇم).

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئالاتاغ رايونىنىڭ يېڭى باشلىقى گىراسىم ئالېكسېيېۋىچ كولپاكوۋىسكىي بىر توپ ئەسكەر بىلەن كارۋاننىڭ ئالدىغا چىقىشقا ئالدىراش يولغا چىقتى. بۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى مىش ـ مىشلاردىن ئاڭلىغان تۆرە كەلدى چورت ئۆزگىرىپ پەسكويغا چۈشۈشكە باشلىدى. گ. ئا. كولپاكوۋىسكىي نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن كېلىپ:

— چوقان چىڭغىس ئوغلى، ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلگىنىڭىزگە قۇتلۇق بولسۇن! بىز سىزلەرنى كۈتە ـ كۈتە كۆزىمىز تېشىلەي دېدى، — دەپ سالاملاشتى. نەتىجىدە ئامالسىز قالغان تۆرە كەلدى مۇساباي بىلەن چوقانغا ئات مىندۇرۇپ، ئۇلارنى يولغا سالدى.

چوقان ئومبىغا كەلگەندىن كېيىن، ئەڭ ئالدى بىلەن قەشقەر ساياھىتىدىن ھېساباب بېرىپ، پېتىربۇرگقا پوچتا ئارقىلىق خەت ئەۋەتتى. 1859 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا چوقاننى مەخسۇس چاقىرىپ پېتىربۇرگقا ئالدۇردى. داڭقى چىقىپ، ئالەمگە مەشھۇر بولغان ياش ساياھەتچىنى پۈتكۈل روسىيىدىكى جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى پ. پ. سىمونوف باشچىلىقىدىكى ئاستانە تارىخچىلىرى ھەربىي ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلەن قارشى ئالدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا جۇغراپىيىشۇناسلار، ئېتنوگرافلار، دىپلوماتلار، يازغۇچى، شائىرلار، ھەربىي ئالىملار، ستۇدېنتلار ۋە باشقا جامائەت ئەربابلىرى بار ئىدى.

ساياھەتچى ئاستانىگە كېلىشى بىلەن، كۆپچىلىك توپلاشقان روسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتىدە دوكلات بېرىپ، كۆپچىلىككە ئالتە شەھەر تەۋەسىنىڭ ھال ـ ئەھۋالى بىلەن تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ روسىيە ۋە خەلقئارالىق ئىلىمگە قوشقان تۆھپىسىنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى. خەۋەر ـ ئاتاسىز، ئىز ـ دېرەكسىز يوق بولۇپ كەتكەن نېمىس ئالىمى، ساياھەتچى ئادولف شلاگىنتۋەيتنىڭ خوجا ۋەلىخان تۆرە قولىدا ئۆلگەنلىكىنى ئېيتتى. دوكلات تولىمۇ ياخشى بولدى، يىغىلغان يىغىن ئەھلى گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىتىپ تاراشتى.

«ئەقىل ـ ھوش» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 12 ـ سانىدىن

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەدەبىيات ساھەسىدە ئىشلەيدىغان بىر ئاغىنە تيەنجىنگە كې-
لىپ، پويىز ئىستانسىسىدىن چىقىپلا بىر تاكسىغا ئولتۇرۇپتۇ. شو-
پۇر:
—نەگە بارىسىز؟—دەپ سوراپتىكەن، ھېلىقى دوستىمىز:
—تيەنجىن يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە—دەپتۇ. شوپۇر:
—ھەقچان سىز پالانى يازغۇچىنى ئىزدەيدىغان ئوخشىمام-
سىز؟—دەپ تيەنجىندىكى بىر مەشھۇر يازغۇچىنىڭ نامىنى چىقى-
رىپتۇ.

# يۇلتۇزلار شەھىرى - تيەنجىن



سىرتتىن كەلگەن بۇ ئەدىبنىڭ تيەنجىنگە كېلىشتىكى مەقسىتىمۇ دەل ھېلىقى مەشھۇر يازغۇچى بىلەن دىدارلىشىش ئىكەن، شۇڭا ئۇ تاكسى شوپۇرىدىن:
—سىز ئۇ يازغۇچىنى تونۇمسىز؟—دەپ سوراپتۇ.
ھېلىقى ئاغىنىنىڭ گېپى تۈگە - تۈگمەيلا، تاكسى شوپۇرى:
—ۋاھ، بىز دېگەن ئورۇق - تۇغقانلاردىن بولىمىز،—دەپتۇ - دە، ئۇنى تيەنجىننىڭ كوچىلىرىدا بىر پىرقىرىتىپ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇپ، 40 يۈەن كىرا پۇلىنى يانچۇققا سېلىپ كېتىپ قاپتۇ.

بۇ ئاغىنىمىز كېيىن تيەنجىن شەھىرىدىكى ھېلىقى يازغۇچى بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭدىن:
—سىزنىڭ تاكسى ھەيدەيدىغان بىر تۇغقىنىڭىز باركەن،—دېۋىدى، ھەممىمىز ھەيرانلا قالدۇق.
—مېنىڭ نەدە شوپۇر تۇغقىنىم بولسۇن. ئۇلار چوقۇم سىزنى قاقتى - سوقتى قىلغان ئوخشىمامدۇ، كىراغا قانچە ئالدى؟—دەپ سورىدى يازغۇچى. 40 كوي ئالغىنىنى ئاڭلاپ ئۇ:—ئەنە، دېمىدىممۇ، سىزنى ئالداپتۇ. ئەگەر مېنىڭ ئىسمىمنى چىقارمىغان بولسىڭىز، ئۇ سىزنى ئۇدۇللا بۇ يەرگە ئەكىلىپ قويۇپ، ئەڭ كۆپ بولسا ئون كويلا ئالاتتى—دېدى.
—ئەستا، سىلەرنىڭ بۇ تيەنجىن نېمانداق؟ باشقا جايلارغا بارغان چېغىمدا، قايسىبىر مەشھۇر كىشىنى ئىزدەيمەن، دەپ ئىسمىنى چىقىرىپلا قويىدىغان بولسام، ئۇ يەرنىڭ شوپۇرلىرى مېنى بىر تىيىنمۇ ئالماي، دېگەن يېرىمگە ئاپىرىپ قوياتتى. سىلەرنىڭ بۇ تيەنجىندە خەق مەشھۇر كىشىلەرنى ھېسابقىمۇ ئېلىپ قويمامدۇ قانداق؟—دېدى ھېلىقى ئاغىنە.

سىرتتىن كەلگەن بۇ ئاغىنىمىز تيەنجىنلىك بولمىغاچقا، تيەنجىنلىكلەرنىڭ مىجەزىنى بىلمىگەن گەپ. تيەنجىنلىك پۇقرالارنى ئۇلۇغلارنىڭ نامىنى چىقىرىپ قورقاتمايلا قويغىنىڭىز ياخشى. تيەنجىننىڭ پۇقرالىرىغا بۇ ئۇسۇلنى ئىشلەتسىڭىز ئاقمايدۇ. بۇ يەردە سىز مەشھۇر ئادەملەرنىڭ نامىنى قانچە پەش قىلسىڭىز، زىيانغا شۇنچە دەسسەيسىز.

مەن نۇرغۇن جايلارنى ئارىلىغان، قەيەرگىلا بارماي، ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ماڭا ئۆزلىرىنىڭ بۇ يۇرتىدىن قانداق مەشھۇر ئادەملەرنىڭ چىققانلىقىنى تونۇشتۇرماي قالمايدۇ. جياڭنەندىكى ① بىر شەھەرگە بارسام ئۇچراشقان ھەممىلا ئادەم دېگۈدەك ماڭا ئۆزلىرىنىڭ بۇ شەھىرىدىن ئۆز ۋاقتىدا 18 نەپەر جۇاڭيۈەننىڭ ② چىققانلىقىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئەسلىدە قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. مەن يەنە بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەرگە بارسام، بۇ يەردىكىلەر ھەتتا قانچە يىللارنىڭ ئالدىدا بۇ شەھەرگە قانداق مەشھۇر كىشىلەر كېلىپ، قايسىبىر چايخانىلاردا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىپ كەتكەن بولسا، شۇ چايخانا جايلاشقان ئىمارەتلەرنىمۇ

ياخشى ساقلاپ قويۇپتۇ. ئۆزىنىڭ شەھىرىدىن ھېچقانچە چوڭ ئەربابلار چىقمىغان بىلەن، چوڭ ئەربابلار كېلىپ ـ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بۇنى ئۆزىگە چوڭ شەرەپ دەپ بىلىدىكەن.

تارىختا تيەنجىندىمۇ ئەجايىپ قەھرىمانلاردىن سەلبىي شەخسلەرگىچە بولۇپ، نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەر چىققان. ئەمما تيەنجىنلىكلەر ئۆزىدىن: «سىلەرنىڭ تيەنجىندە قانداق چوڭ ئەربابلار ئۆتكەن؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار ھەتتا بىرەرىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەجەبا، تيەنجىنلىكلەر ئۆز يېرىدىن چىققان مەشھۇر كىشىلەر بىلەن پەخىرلەنمەمدۇ؟ ئۇنداقمۇ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما، تيەنجىنلىكلەر بۇ مەشھۇر ئادەملەرنى ئانچە مۇھىم بىلىپمۇ كەتمەيدۇ. تيەنجىنلىكلەرنىڭ قارىشىچە: بىر ئادەم نامىلا چىقارسا تيەنجىنلىك بولماي قالىدىكەن. چۈنكى، تارىختىن بۇيان تيەنجىندىن چىققان ئەربابلارنىڭ ھەممىسى نام چىقىرىشى بىلەنلا تيەنجىندە تۇرمىغانىكەن؛ شۇڭا، تيەنجىنلىكلەرمۇ ئۇلارنى تيەنجىنلىك دەپ قارىمايدىكەن. ئۇلار نام ـ ئابرۇيدىن ئايرىلىپ قايتىپ كەلگەندىمۇ تيەنجىنلىكلەرنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچبىر كارى بولمىغان ئىكەن. تيەنجىنلىكلەردە ئادەتتىكى ئاۋام قارىشى ناھايىتى چوڭقۇر. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، تيەنجىنلىكلەر ئۆزىنىڭ بۇ شەھىرىنى پەقەت ئادەتتىكى پۇقرالار شەھىرى دەپلا قارايدۇ.

تارىخىي تەرەپتىن تەكشۈرۈپ قارىغاندا، تيەنجىندە خېلى بايلارمۇ ئۆتكەن. ئەمما تيەنجىننىڭ بايلىرى ئەزەلدىن ئادەتتىكى پۇقرالار بىلەن ئانچە بېرىش ـ كېلىش قىلمايتتى. تيەنجىن سودىگەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى نەنكەي تەرەپتە تۇراتتى. كونا شەھەردە بەزى بايلار ئۆتكەن بولسىمۇ، ھەممىسىلا ئىچكىرى ـ تاشقىرى چوڭ قورۇلارنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇشاتتى. ئادەتتىكى پۇقرالار بىلەن ئىنتايىن ئاز مۇناسىۋەت قىلاتتى.

كېيىن، تيەنجىندە كونسېسسىيە ① بارلىققا كەلگەندە، يېڭى ئېقىمدىكى پۇلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى كونسېسسىيە ئىچىگە كۆچۈپ كىرىۋېلىپ، پۇقرالار بىلەن ھېچقانداق باردى ـ كەلدى قىلىشمىغان.

شۇڭا، تيەنجىندە ئەزەلدىن باي بىلەن كەمبەغەلنىڭ چەك ـ چېگرىسى ئېنىق. بۇ يەردىكى كۆپچىلىك پۇقرالارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ رايونلىرىلا بولۇپ قالماي، يەنە قاتتىق تۇرمۇش تەرتىپىمۇ بار. تيەنجىندە ئادەتتىكى پۇقرالار رايونىدىن باشقا يەنە كەمبەغەللەر رايونىمۇ بار. بۇ ئىككى رايوندىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئۇسۇلى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئادەتتىكى پۇقرالار رايونى بىلەن كەمبەغەللەر رايونىدا تۇغۇلغان كېيىنكى يېڭى بىر ئەۋلادلاردا ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دائىرىگە مەنسۇپ بولمىغان ھەرقانداق ئادەمگە بىر چېقىلىپ بېقىش كەيپىياتى بار. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا باي، داڭلىق شەخس دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس. بۇ تيەنجىنلىكلەر ئالدىدا چوڭلۇقنى قانچە پەش قىلساڭ، شۇنچە مەسخىرىگە قالىسەن. تيەنجىنلىكلەر نەزەرىدە مەبۇدمۇ يوق، ئاقسۆڭەكلەرگە تېخىمۇ چوقۇنمايدۇ.

تيەنجىنلىك ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ كۆپىنچىسى چوڭ قورۇلاردا ئارىلىشىپ ئولتۇرىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى بار. ئاشۇنداق چوڭ قورۇلارنىڭ بىرىنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. بىر قورۇدا نەچچە يۈز ئائىلىلىك ئارىلىشىپ ئولتۇرىدىكەن. بۇنداق ھويلىلارغا كىرىپ ئۇياق ـ بۇياققا ئايلانسىڭىز، ئايلىنىپ ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا چىقىپ كەتكىڭىز كېلىپ قالىدىكەن. ھويلىدا ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: بۇ ھويلىلاردا زادى قانچىلىك ئائىلە ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئۇلارمۇ دەپ بېرەلمەيدىكەن؛ ھەتتا ساقچىخانىدىكىلەرمۇ بۇ ھويلىلاردىكىلەرنىڭ نوپۇس ئەھۋالىنى تازا ئېنىق بىلمەيدىكەن. چوڭ ھويلىدا ھەربىر ئائىلىنىڭ ئىشىك ئالدىدا دېگۈدەك بىرەردىن مال ساتىدىغان ھارۋىنىڭ تۇرغانلىقىنى، ھەربىر ھارۋىنىڭ ئەينەكلىك جاھازىسى ئۈستىگە قىزىل بوياقتا «لى ئۇستامنىڭ توخۇ كاۋىپى»، «ھەقىقىي تاۋا خوشگىي» دېگەندەك سۆزلەر يېزىلغانلىقىنى كۆرىسىز. بۇنىڭدىن بۇنداق ھويلىلاردا ئولتۇرۇشلۇق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۈنلىرىنى ئىشقىلىپ بىر نېمىلەر قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ كېتىۋاتقان تۆۋەن قاتلامدىكى ئادەتتىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. مۇبادا سىز كەمبەغەللەر رايونىغا بېرىپ قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ھېلىقى چوڭ ھويلىلارغىمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرىسىز. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى تېرىپ كەلگەن پارچە ـ پۇرات كېسەكلەر بىلەن تۆمۈر يول ياقىسىغا پاكار ـ پاكار ئۆيلەرنى سېلىۋالغان بولۇپ، ھەربىر ئۆينىڭ بىرلا ئىشىكى، ئارقا تېمىدا غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر دېرىزىسى بار. تيەنجىنلىكلەر ئۇنى «چىتلاق چىرىغى» دەيدۇ. يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئۆي ـ ئۆيدىن تامچا ئۆتۈپ، ئۆرۈلۈپ، ناھايىتى كۆڭۈلسىز مەنزىرە شەكىللىنىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، تيەنجىن شەھىرىدە ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %70 ئەتراپىنى ئىگىلەيدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ نىسبىتىمۇ ئاز ئەمەس. لېكىن، كەمبەغەللەرنىڭ پەقەت تۇرالغۇ شارائىتىنىڭلا ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا،

كىرىمى باشقىلارنىڭكىدىن ئاز ئەمەس. تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ ئادەتتىكىلەردىن تۆۋەن ئەمەس. تيەنجىنلىكلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە باھا بەرگەندە سىز پەقەت ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىنىڭ قانداقلىقىغىلا قارىسىڭىز بولمايدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر گەرچە «چىتلاق چىرىغى» ئىچىدە تۇرسىمۇ ئۇلارنىڭ تاماق، سەيلىرىنىڭ ئەھۋالى باشقىلارنىڭكىدىن يامان ئەمەس. ھەر كۈنى گۆش، بېلىق دېگەنلەرگە ئېغىز تېگىپ تۇرىدۇ. قىز ـ چوكانلىرى تاۋار ـ دۇردۇنلارنى كىيىپ، ياسىنىپ چىقىپ، چوڭ كوچىلاردا تاقىلداپ ماڭىدىغان بولسا، قايسى چوكاننىڭ زادى قايسى رايوندا تۇرىدىغانلىقىنى ئايرىۋالالمايلا قالىسىز.

تيەنجىنلىكلەرنى كوچىدا كۆرسىڭىز ھەممىسىلا ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشايدۇ. ئۆيىگە بارغاندا بولسا كىمنىڭ ئاقسۆڭەك، كىمنىڭ ئاقسۆڭەك ئەمەسلىكىنىڭ كارى چاغلىق. تيەنجىنلىكلەرنىڭ ئاقسۆڭەكلەرنى چوڭ بىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك. بولۇپمۇ تيەنجىنلىكلەر ئۆزىنى ئاقسۆڭەك قىياپىتىگە كىرگۈزىۋالغانلار بىلەن پەقەتلا خۇشى يوق. تيەنجىنلىكلەر مۇنداقلارنى «ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق سا»غا ئوخشىتىدۇ. «ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق سا» دېگەن نېمە گەپ؟ «ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق سا» ئەسلىدە بىر قاغا ئىكەن، ئۇ ئۇزۇن بىر قۇيرۇقنى بېكىتىۋېلىپ توز بولۇپ باقماقچى بوپتۇ. لېكىن، قانچە قىلسىمۇ تۇزغا ئوخشىماي، ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق ساغا ئوخشاپ قاپتۇ.

تيەنجىنلىكلەر ئاقسۆڭەك بولۇشنى خالىمايدۇ. گەرچە ئۇستىگە داڭلىق ماركىلىق كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىۋالسىمۇ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا، قەلبىگە ئادەتتىكى پۇقرالىق ئېڭى چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن. تيەنجىندە ئىشىك ئالدىلىرى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن سودا دۇكانلىرىغا كىرىدىغانلار ناھايىتى ئاز؛ قانچە ئادەتتىكى دۇكان بولسا، تىجارىتى شۇنچە ياخشى بولىدۇ. تيەنجىنلىكلەر ئاشخانا ئاچسا خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغا بىر قانچە ۋېلىسىپىتلارنى قويۇپ قويىدۇ. ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بۇنى كۆرۈپ «ھە، بۇ ئاشخانىدا تاماق يەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ۋېلىسىپىت مىنىدىغانلاردىن ئىكەندە!» دەپ بىلىدۇ، ـ دە، ئۆزلىرىمۇ كىرىپ تاماق يەيدۇ. ئەگەر سىز ئاشخانىڭىزنىڭ ئالدىغا كىچىك ماشىنىلارنى توختىتىپ قويسىڭىز، كىرىپ تاماق يەيدىغانلارمۇ ئازلاپ كېتىدۇ. تيەنجىنلىكلەر ھەشەمەتلىك بىنالارغىمۇ تولا كىرمەيدۇ. ئۇلار: «قۇرۇق سۆلەتنىڭ نېمە پايدىسى» دەپ قارايدۇ.

ئۇششاق تىجارەتچىلەر نەرسە ـ كېرەك ساتقاندا تيەنجىنلىكلەرنىڭ بۇ خىل پسىخىكىسىغا ماسلىشىپ ئىش قىلىدۇ. بىر ئوبدان ئالمىنى مال جاھازىسىغا چىرايلىق تىزىپ قويۇپ، بىر جىڭىنى ئىككى يېرىم كوي دېسىڭىز ھېچكىم قاراپمۇ قويمايدۇ؛ بىر سېۋەت ئالمىنى يەرگىلا تۆكۈپ دۆۋىلەپ قويۇپ، ئىككى جىڭى بەش كوي دېسىڭىز دەرھال خېرىدار ئولىشىدۇ. يېقىندىن بېرى ئېلىپ ـ ساتارلار تيەنجىنلىكلەرنىڭ بۇ پسىخىكىسىنى تازا ئىگىلىۋالدى. بازاردا «بەش جىڭى ئون كوي!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرىسىز. ئەجەبا تيەنجىنلىكلەر بەش جىڭى ئون كوي دېگەن بىلەن بىر جىڭى ئىككى كوي دېگەننىڭ بىر گەپ ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ بىلىدۇ. ئىشقىلىپ، سىزمۇ تىجارەت قىلىپ باققان بولسىڭىز بىلىسىز. مەيلى ئىشىنىڭ، ئىشەنمەڭ، بىر جىڭى ئىككى كوي دېگەنگە قارىغاندا بەش جىڭى ئون كوي دېگەن ياخشىراق. نەنجىڭدىن تارتىپ بېيجىڭغىچە سېتىۋالغۇچىلار ساتقۇچىلاردەك زېرەك ئەمەس. ئۇ «بەش جىڭى ئون كوي!» دەپ ۋارقىرىغانىكەن، تەبىئىيكى ئۇنىڭمۇ ئۆز داۋلىسى بار. بولمىسا نېمىشقا «بىر كويغا يېرىم جىڭ» دەپ ۋارقىرىمايدۇ؟

بىر ئادەتتىكى پۇقرالار شەھىرىدە ئاتالمىش «سۆلەت»، يەنى كىشىلەر ئېيتىپ يۈرىدىغان «كاتتا سالاپەت» دېگەنلەر باشقىلارنىڭ مەنسىتمەسلىكىگە ئۇچراپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ كولدۇرلىتىپ ئوينايدىغان نەرسىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تيەنجىنلىكلەر مۇنداق ئادەملەرنى «ۋاھ، كاتتا ئەرباب ئوخشىمامدۇ» دەپ قويىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇنى سەھرالىق تومپايلاردىنمۇ بەتتەررەك كۆرگىنى. مەن ئۆزۈممۇ مۇشۇنداق ئاچچىق كەچۈرمىشلەرگە دۇچار بولغان. مەن يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە خىزمەت قىلىمەن. يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە بارىدىغان چاغدا تەبىئىيكى، چىرايلىقراق كىيىنىپ ماڭىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلۇشۇمدىن مەجەزىم سىپايىراق. شۇڭا، ھەر قېتىم ئىشتىن چۈشۈپ، يولدىن ئۇنى ـ بۇنى سېتىۋالسام كۆپ ۋاقىتلاردا زىيان تارتىمەن. ئالغان نەرسەمدىن بىر جىڭ كەم چىقمىغان تەقدىردىمۇ، ئىككى ـ ئۈچ سەر كەم چىقىدۇ.

يەنە ساتارمەنلەرنىڭ ئالغان نەرسەمنىڭ ئارىسىغا سېسىغان، بۇزۇلغانلىرىنىمۇ تىقىشتۇرۇپ قويغانلىقىنى كۆرىمەن. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى مەنمۇ بەزى داۋللارنى چۈشىنىپ قالدىم. ساتارمەنلەرنىڭ مېنى ئوڭاي بوزەك قىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى مېنىڭ تەقى ـ تۇرقۇمدا ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئىشتىن چۈشكەندە يول ئۈستىدە بىر نەرسە ئالماي، ئۇدۇل ئۆيگە كېلىپ، كونا كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ كىيىپ، ياز كۈنى بولىدىغان بولسا قولۇمغا چۈۋۈلۈپ كەتكەن كونا بىر يەلپۈگۈچنى تۇتۇپ، ئەسكى كەشنى سۆرەپ، كونا سېۋەتتىن بىرنى كۆتۈرۈپ بازارغا چىقىدىغان بولدۇم. بۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۈنۈمى بولدى. بۇ سىياقىم بىلەن سېتىۋالغان نەرسىلىرىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تارازىدىمۇ ئۇگايلىقچە كەم چىقمىدى، بۇزۇلغان، سېسىغان نەرسىلەرمۇ ناھايىتى ئاز بولدى. نېمىشقا شۇنداق؟ بۇ ساتارمەنلەرنىڭ مېنى كاتتا غوجاملار قاتارىدا كۆرمەي، ئادەتتىكى شەھەر پۇقرالىرى قاتارىدا كۆرگەنلىكىدىن، مېنى پۇلنى تەستە تاپىدىغانلاردىن ئىكەن، ئۇگاي ئەخمەق قىلغىلى بولمىغۇدەك، دەپ قارىغانلىقىدىن ئىدى.

ئادەتتىكى پۇقرالار شەھىرى بولغان تيەنجىندە تا بۈگۈنگىچە پۇلدارلارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بىر ئىش قىلىپ كېتەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ تيەنجىنلىكلەرنىڭ ھېچكىمدىن قورۇنماي ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادە تۇتىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. تيەنجىندىمۇ پۇلدارلار بار، ئەمما، تيەنجىندىكى پۇلدارلاردا پۇل بولسىمۇ، بۇ يەردە ھېچكىم ئۇلارغا ھەۋەس قىلىپ كەتمەيدۇ. بەزى ئورۇنلاردىكىدەك، بىر ئادەم شۇنداقلا پۇللۇق بولۇپ قالسا، دەرھال بىر توپ چاپانچىلار چىقىپ ئۇنى ئورىۋالىدىغان، ئۇ نېمە قىلماقچى بولسا چاپانچىلىرى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۇنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرىدىغان ئىش بۇ يەردە يوق. شۇڭا، تيەنجىندىكى پۇلدارلار قۇيرۇقىنى غىت قىسىپ، ياۋاشلىق بىلەن ئۆتىدۇ. ئۆزىنى ئالەمدە مەندىن قالتىس ئادەم يوق، دەپ يۈرىدىغان خېلى ـ خېلى چولپانلارمۇ تيەنجىنلىكلەرنىڭ يامانلىقىنىڭ تەمىنى تېتىپ باققان. ئەرشنى مالىمان قىلىپ يۈرگەن ھەر قانداق چولپان تيەنجىنگە كېلىدىكەن، تيەنجىنلىكلەر ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. مەن بىر كاتتا چولپاننى تيەنجىنلىكلەرنىڭ ۋارقىراپ سەھنىدىن چۈشۈرىۋەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن.

تيەنجىنلىكلەر ئاقسۆڭەكلەرگە چوقۇنمايدۇ، چولپانلارغا ھەۋەس قىلمايدۇ، پۇلدارلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ. تيەنجىنلىكلەر پۇلى بولغان تەقدىردىمۇ، بالا ـ چاقىلىرىنى ئاقسۆڭەك قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشنى خالىمايدۇ. تيەنجىنلىكلەر: ئادەتتىكى پۇقرا بولغانغا ھېچنېمە يەتمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. كۈنلىرىنى ئادەتتىكىچە ئۆتكۈزۈش تيەنجىنلىكلەرنىڭ ئەڭ ئالىي كىشىلىك غايىسى. يېقىنقى چاغلاردا تيەنجىندىمۇ قانداقتۇر ئاقسۆڭەكلەر باشلانغۇچ مەكتىپى، ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرا مەكتىپى دېگەندەك مەكتەپلەر ئېچىلدى. ئەمما، بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇشقا تىزىملاتقانلار يوق دېيەرلىككلا بولدى. ئاخىرىغا بېرىپ بۇ ئاقسۆڭەكلەر مەكتەپلىرى ئېچىلماي تۇرۇپلا يېپىلىپ قالدى.

بەزىلەر: بىر ئەۋلاد كىشىلىرىمىز جاپا چەككەچكە تۇرمۇشىمىز ياخشى بولۇشقا باشلىدى، ئەمدىكى ئارزۇيىمىز بالا ـ چاقىلىرىمىزنىڭ بولسىمۇ ئائىلە، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئەمەسمۇ، دەيدۇ. شۇڭا بەزى جايلاردىكى پۇلدارلار پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي بالىلىرىنى داڭلىق مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى جان تىكىپ ئوقۇتماقتا. يېقىنقى بىر خەۋەرگە قارىغاندا، مەلۇم ئورۇندىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مەلۇم بىر داڭلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇماقچى بوپتىكەن، ھېلىقى مەكتەپ 50 مىڭ يۈەن ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مۇنداق ئىشنى تيەنجىندە ھېچكىم قىلمايدۇ. تيەنجىنلىكلەر: بالاڭنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىنى پۇل خەجلەپ بەلگىلىيەلمەيسەن، بالاڭ ئۆزىدە شۇنداق قالتىس ئادەم بولغىدەك خېمىرتۇرۇچ بولمىسا، مىليون پۇل خەجلىگىنىڭ بىلەنمۇ بىكار. مەيلىگە قويۇۋەت. بالاڭنىڭ قانداق ئادەم بولالىغۇدەك ئىقتىدارى بولسا شۇنداق ئادەم بولغىنى ياخشى، دەپ قارايدۇ.

بىر مۇئەللىم ئاغىنەم ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ سىنىپىدا بىر ئوقۇغۇچى بار ئىكەن. تازا تىرىشىپ ئوقۇمايدىكەن. ئۇ ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلە باشلىقىنى ئىزدەپ تېپىپ، مەكتەپكە ماسلىشىپ بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ تىرىشىپ ئوقۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. ھېلىقى ئائىلە باشلىقى مۇئەللىمگە نېمە دەپتۇ دېمەمسىز؟ «مۇئەللىم، سىزنىڭ بالىمىز بىلەن ئانچە كارىڭىز بولمىسۇن، بىزمۇ ئۇنى ئوقۇپ قانداقتۇر بىر كاتتا ئالىم بولۇپ كەتسۇن، دېمەيمىز. چوڭ بولغاندا دادىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ ئىشلەپ بېرەلىسىلا بولدى. بىزنىڭ مۇشۇ بىرلا بالىمىز بار، بالىنىڭ ساغلام چوڭ بولۇشىنىڭ ئۆزىلا ئائىلىمىز ئۈچۈن زور بەخت، دەپتۇ.

ئازراقمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ئەمەس، تيەنجىن ئەنە شۇنداق بىر پۇقرالار شەھىرى. تيەنجىنلىكلەر بۇ شەھەرنىڭ ئادەتتىكى پۇقراسى بولالىغىنىغا شۈكۈر قىلىدۇ؛ بەلكى ئەۋلادمۇئەۋلاد شۇنداق ئادەتتىكى پۇقرا بولۇپ ئۆتۈپ كېتىشكە رازى.

① جياگنەن ـ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار.

② جۇاڭيۈەن ـ ئەليۇئەلا. كوناجۇڭگودا پايتەختتە ئېلىنىدىغان ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرگە بېرىلىدىغان ئالىملىق دەرىجە.

① كونسېسسىيە ـ چەت ئەللىكلەر ئىجارىگە ئېلىپ ئاچقان يەرلەر.

خەنزۇچە «تيەنجىنلىكلەر» دېگەن كىتابتىن
مەمتىمىن ھوشۇر تەرجىمىسى

## بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بىزدە. رۇخسەتسىز ئىشلىتىۋالغۇچىلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ!

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

## يۇمۇرلار



### كىم ئەڭ ھۇرۇن

بىر مۇتىۋەر يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۈچ تىلەمچىنىڭ يول ياقىسىدا ياتقىنىنى كۆرۈپتۇ. بۇ مۇتىۋەر قىزىقچىلىق قىلىشقا ئامراق بولغاچقا، بۇ تىلەمچىلەرگە:

—سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كىم ئەڭ ھۇرۇن. مەن بۇ بىر دوللارنى شۇنىڭغا بېرىمەن،—دەپتۇ.

—بۇ پۇلنى ماڭا بېرىڭ، ئەپەندىم، مەن ئىش قىلمىغىلى ئالتە ئاي بولدى، —دەپتۇ بىرىنچىسى.

—بولمايدۇ،—دەپتۇ ئىككىنچىسى،—پۇلنى ماڭا بېرىشىڭىز كېرەك. مەن ئىشلىمەي ياتقىلى بىر يىل بولدى.



بۇ ئىككى تىلەمچى تالىشىۋاتقاندا، ئۈچىنچى تىلەمچى ئېرىنچەكلىك بىلەن مۇتىۋەر تەرەپكە ئۆرۈلۈپ:

—ئەپەندىم، ئېغىر كۆرمەي پۇلنى يانچۇقۇمغا سېلىپ قويغان بولسىڭىز.

*　*　*

بىر كىشى دوختۇرخانىغا بېرىپ دوختۇرغا دەپتۇ:

—دوختۇر، ماڭا ئادەمنى ئەقىللىق قىلىدىغان دورا بولسا يېزىپ بەرگەن بولسىڭىز؟



دوختۇر ئۇنىڭغا دورا يېزىپ بېرىپ كېلەر ھەپتە كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ئادەم دوختۇرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— دوختۇر، دورىنى يېگەندىن كېيىن بىر خىللا تۇرۇۋاتىمەن، ھېچ ئۆزگىرىش بولمايدىغۇ؟ —دەپتۇ. دوختۇر «گەپ قىلمايلا» ئالدىنقى قېتىمدىكىگە ئوخشاشلا دورا يېزىپ بېرىپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ئادەم كېلىپ:

—دوختۇر، ئىككى قارار دورا ئىچكەن بولساممۇ، مەندە قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى، بەرگەن دورىلىرىڭىز ساپلا شېكەر ئېتىمىدۇ، سىز شېكەرنى دورا دەپ بېرىپ مېنى ئالدىمىغانسىز ھە؟— دەپتىكەن، دوختۇر كۈلۈپ كېتىپ:

—مانا بىر ئوبدان ئەقىللىق بولۇپ كېتىپسىز ئەمەسمۇ!—دەپتۇ.

*　*

*



خاررى ئەپەندى كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەپتۇ ۋە داچىسىغا قارايدىغان خىزمەتچىدىن:

—مەن كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەندە خانىمنى ئىزدەپ بىرەر غەيرىي ئەر كىشى كەلدىمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

—ياق كەلمىدى. پەقەت سۈتچى كەلدى،—دەپتۇ خىزمەتچى. خاررى ئەپەندى خاتىرجەم ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭغانىكەن، خىزمەتچى ۋارقىراپتۇ:

—خاررى ئەپەندى، بىراق ھېلىقى سۈتچى ئۆلۈشكۈن ئۆيىڭىزگە كىرىپ كەتكەنچە تېخىچە قايتىپ چىقمىدى...

*　*　*

ئايالى: سىز دەپ بېقىڭە، سىز بىلەن توي قىلىپ قانچىلىك ئەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويغاندىمەن.

ئېرى: مېنىڭچە، پەقەت مېنىلا ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدىڭىز.

*　*　*

ئىككى هاراقكەش قاۋاقخانىدا ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپتۇ:

—مېنىڭ چاتاق ئادىتىم بار. مەست بولۇپ ئۆيگە قايتسامالا، بۇرۇنقى ئايالىم بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشۇم توغرۇلۇق ھازىرقى ئايالىمغا نۇرغۇن گەپلەرنى دەپ سالىدىكەنمەن،— دەپتۇ بىرىنچىسى.

—مېنىڭ ئېغىرىم تېخىمۇ چاتاق،—دەپتۇ ئىككىنچىسى،—مەن مەست بولۇپ قالسامالا، كېيىن باشقىدىن توي قىلىپ قالسام كېيىنكى ئايالىم بىلەن قانداق ئۆتىدىغىنىم توغرۇلۇق ئايالىمغا دەپ سالىدىكەنمەن.

*　*　*

### يۈزدە يۈز تەگكۈزەتتى

قوشنىسى: پاۋىل ئەپەندى، ئوغلىڭىز ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسىگە تاش ئېتىپتۇ.

پاۋىل ئەپەندى: كەچۈرۈڭ، ئوغلۇم ئاتقان تاش ئۆيىڭىزنىڭ دېرىزىسىگە تېگىپتىمۇ؟



قوشنىسى: بەختىمىزگە يارىشا، تاش ئۆيىمىزنىڭ دېرىزىسىگە تەگمەپتۇ.

پاۋىل ئەپەندى: ئۇنداقتا، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئەمەسكەن، ئوغلۇم ئاتقان بولسا يۈزدە يۈز تەگكۈزەتتى.

www.uyghurkitab.com



# نېمە ئۈچۈن

# پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالدۇق

قەدىمدىن ھازىرغىچە، بىز ئىزچىل ئۆزىمىزنى «قائىدە ـ يوسۇنلۇقلار» دەپ ئاتاپ كەلدۇق. بىراق، بۇنداق قائىدە ـ يوسۇن پەقەت تونۇشلارغىلا ئىشلىنىدۇ. جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ بىر روشەن ئالاھىدىلىكى ئاھالىلەرنىڭ بىر جايدىن يەنە بىر جايغا كۆچۈش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇشتۇر، كۆپ ساندىكى جۇڭگولۇقلار قەيەردە تۇغۇلغان بولسا شۇ يەردە ئۆلىدۇ. بۇنداق مۇھىت تەبىئىيلا بىر خىل «تونۇشلار مەدەنىيىتى»نى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ، تونۇش ـ بىلىشلەر، ياتلار، ئائىلە كىشىلىرى، سىرتتىن كەلگەنلەر قاتتىق ئايرىلىدۇ: «بىر كۆرۈشكەن يات، ئىككى كۆرۈشكەن تۇغقان»، «مېنى يات كۆرگەنىڭىز ئەمەسمۇ» دېگەندەك.

جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ يېيىش ۋە قونۇش شەكلىدە تىپىك ئىپادىسىنى تاپىدۇ. جۇڭگولۇقلار تاماق يېسە، تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشۈپ بىللە تاماق يەۋاتقانلار بولغان تەقدىردىمۇ ئوخشاش بىر تەخسىدە يەۋېرىدۇ. غەربلىكلەر بولسا، ئەر ـ خوتۇن بولغان بىلەنمۇ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ قاچىسىدا يەيدۇ. جۇڭگونىڭ چاسا ھويلىلىرىدىكى ئۆيلەرنى ئالساق، بۇ ئۆيلەر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن سىرتتىن كەلگەنلەرنى ئايرىپ تۇرىدۇ، بىراق، ئۆينىڭ ئىچىدە جۇڭگولۇقلار ئانچە ئايرىپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە، غەربلىك ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئۆيىدە ئۆزىگە خاس دائىرىسى بولىدۇ. خوتۇنى ئېرىنىڭ كىتاب جاھازىسىدىكى كىتابنى كۆرمەكچى بولسا، كىتابنى ئېلىشتىن ئاۋۋال ئېرىنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ. شۇڭا چەت ئەلدە نۇرغۇن ئادەملەر ئۆيىدىكى بىر، ئىككى ئېغىز ئۆينى باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىدۇ، ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يەپ، يېتىپ قوپىدۇ. جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىن ھەقىقەتەن جۇڭگولۇقلارنىڭ بىرەر يات ئادەمگە، ئۇ ئادەم سەرگەردان بولمىغان بىلەنمۇ تاماق بېرىپ، قوندۇرۇشنىڭ تەسلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس.

بىراق يەنە بىر جەھەتتىن، شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، جۇڭگو مەدەنىيىتى ياتلارغا ئەزەلدىن تەكەللۇپ قىلىپ كەتمەيدۇ، تەكەللۇپ قىلمايدىغانلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ھەتتا قوشنا ـ قولۇملارغا ياردەم قولىنى سۇنۇشمۇ قارشىلىققا ئۇچرايدۇ.

ياتلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى بۇنداق پەرق كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردىمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بىر يات ئادەم ئىشخانىدا تۇساتتىن پەيدا بولسا، جۇڭگولۇقلار «نېمە ئىشىڭىز بار؟» دەپ سورايدۇ، غەربلىكلەر «ياردىمىم كېرەكمۇ؟» دەپ سورايدۇ. قاراڭ، چىقىش نۇقتىسى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

پارىژدىكى بۈۋى مەريەم ئىبادەتخانىسىغا بارغان چېغىمدا، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بىر توپ ئادەم ئولىشىۋالغانىكەن، مەن بېشىمنى تىقىپ ئىچىگە قاراپ باقتىم، بىر ـ ئىككىسى مۇشتلىشىۋاتقان بولسا، قالغانلار ئولىشىۋېلىپ، قىزىقچىلىق كۆرۈۋاتقاندۇ، دەپ قالماڭ. بىرىنىڭ بۇرنى قاناپ كېتىپتىكەن، ئاشۇ بىر توپ ئادەم ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇپتۇ.

ئەنگلىيىدىكى نوتتىڭخام ئۇنىۋېرسىتېتىغا زىيارەت ۋە تەتقىقاتقا بارغىنىمدا 30 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى بىر چوڭ چامادان ئېلىپ بارغانىدىم. نوتتىڭخام شەھرىدە پويىزدىن چۈشتۈم. پويىزدىن چۈشۈپ تۇرۇشۇمغا بىرىنىڭ «Doyou needa hand?» (ياردەم كېرەكمۇ؟) دېگىنىنى ئاڭلىدىم. كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىسام، ئەنگلىيىلىك بىر يىگىت ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ. ئۇ مېنىڭ پويىز ئىستانسىسىدىكى پىيادىلەر ئاسما كۆۋرۈكىدىن چىقىپ ـ چۈشۈشۈمدىن تاكى تاكسىغا چىقىشىمغىچە ياردەملەشتى. ناۋادا، جۇڭگودا بولغان بولسا، مەن ياش، چىرايلىق قىز بولۇپ قالغان بولسامغۇ شۇنداق بولار ئىدى، ئۇنداق بولمىغاندا، بىرەر يىگىتنىڭ كېلىپ يۈك ـ تاقامنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىشى مۇمكىن بولارمىدى؟

يازنىڭ بىر كەچقۇرۇنى، ئەنگلىيىدىكى بىر دالىدا يولدىن ئادىشىپ قالدىم. ئەسلىدە خەرىتە ئېلىۋالغانىدىم. بىراق، يەر شەكلى خەرىتىسىدە بۇ يەر كۆرسىتىلمەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەرەخلەر بۈككىدە بولغاچقا يولنى ئېنىق پەرق ئېتەلمەي قالدىم. قانداق قىلارمەن دەپ تۇرسام، ئالدى تەرەپتىن ياش ھەم چىرايلىق ئەنگلىيىلىك بىر قىز كېلىپ قالدى.

ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى مېنى بەكلا ئارىسالدى قىلىپ قويدى. جۇڭگودىكى بىلىدىغانلىرىم بويىچە بولغاندا مەن ئۇنىڭدىن يول سورايدىغان بولسام بۇرنۇمغا يېمەي قالمايتتىم. چۈنكى ئاللىقاچان

قارىغۇ چۈشۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بۆككىدە دەل ـ دەرەخلەر بۇ چېغىر يولنى تولىمۇ سۈرلۈك قىلىۋەتكەچكە، ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلسام، مۇشۇنداق چاغدا بىرەر ئەركەك مەندىن يول سوراپ قالىدىغان بولسا، مەن چېغىمدا ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشىم ناتايىن ئىدى.

بىراق، باشقا ئامال يوق، جۈرئەتلىك بولمىسام بولمايتتى. ئويلىمىغان يەردىن قارشى تەرەپ قىزغىنلىق بىلەن توختاپ ماڭا يولنى كۆرسىتىپ قويدى. مەن دەرھال خەرىتىنى چىقىرىپ ئۇنىڭدىن خەرىتىدە كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ مەن بارماقچى بولغان ئاشۇ رايون ئەتراپىدا ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى، ئۇ يەنە چاقچاق قىلىپ، ئۇ يەرنىڭ مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئۇزاپ كېتىۋاتقان سىماسىغا قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا: بۇ ئەنگلىيىلىك قىز ناتونۇش ئادەمدىن راستىنلا ئازراقمۇ ئېھتىيات قىلمامدىغاندۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىدىم. نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلەمسىز؟ چۈنكى، ئۇ مەن بىلەن قەدىناس دوستى بىلەن خوشلاشقاندەك خوشلاشتى. كۆڭلىدە جىنى بولمىغاندىن كېيىن قورقمايدۇ ـ دە!

## تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان جەمئىيەت، پەرۋا قىلمايدىغان پۇقرالار

ئوخشاشلا جۇڭگولۇق ھېسابلىنىدىغان شياڭگاڭلىقلار ئىچكىرىلىكلەردىن كۆپ سېخىي. 1998 ـ يىلىدىكى چاڭجياڭ سۇ ئاپىتىدە شياڭگاڭ شەھەر ئاھالىسى 200 نەچچە مىليون شياڭگاڭ دوللىرى ئىئانە قىلدى. 1999 ـ يىلىدىكى خۇادۇڭ كەلكۈنىدە ئۇلار يەنە 100 نەچچە مىليون شياڭگاڭ دوللىرى ئىئانە قىلدى. تېخى ئۆتكەندىلا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا يۈز بەرگەن دېڭىز تاشقىنىدا ئىككى ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە شياڭگاڭدىكى ھەرقايسى ساھەلەر دېڭىز تاشقىنىدا ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا 700 مىليون شياڭگاڭ دوللىرىغا يېقىن ئىئانە قىلىپ، شياڭگاڭ تارىخىدا ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ئىئانە قىلغان پۇل جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى رېكورت ياراتتى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىئانە قىلغان پۇلى جەھەتتىمۇ يەر شارى بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى.

بىزنىڭ خەير ـ ساخاۋەتكە مۇناسىۋەتلىك تەكشۈرۈشىمىز بۇ مەسىلىگە ئاز ـ تولا جاۋاب بېرەلىشى مۇمكىن. بۇ تەكشۈرۈشتە، جۇڭگو شەھەرلىرىدىكى «ئەمگەكچان، باتۇر، ئاق كۆڭۈل» شەھەر ئاھالىسىنىڭ ساۋابلىق ئىش قىلىشىنى توسۇپ تۇرىدىغان بىر نەچچە چوڭ توسالغۇ بايقالدى:

«بۇ ئىشتىمۇ پۇقرالاردىن ئىئانە توپلانسا، ھۆكۈمەت نېمە قىلىدىكەن؟» ئۆتكەندە ئاۋسترالىيىنىڭ تەتقىقات جەمئىيىتىدىن كەلگەن بىر ئالىم بىزگە ئۆزلىرىنىڭ سەرگەردانلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ياردەم بېرىش تەجرىبىسىنى تونۇشتۇردى. ئاۋسترالىيىدە Soup Kitchen دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئاشخانا بار ئىكەن، بۇ ئاشخانا مەخسۇس سەرگەردانلار ۋە ئۆي ـ ماكانسىز كىشىلەرنى ھەقسىز تاماق بىلەن تەمىنلەيدىكەن. بۇنداق خەير ـ ساخاۋەت ئورگانلىرىنى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە كۆرگىلى بولىدۇ. بەزىلىرى دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا، بەزىلىرى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا. ئىلگىرى، ئۇ ئاشخانىلاردا مۇلازىمەت قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى پىدائىيلار بولۇپ، تاماق ئېتىش ۋە يېمەكلىك تارقىتىشقا مەسئۇل ئىكەن. كېيىن، ئۇلار سەرگەردانلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە ئىلگىرىكى كەسپىنى كارتىغا تىزىملاپ ياكى تامغا ئېسىپ قويغان ياكى ئۇلارنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويغان. ئارقىدىن ئۇلار ئىلگىرى يېمەك ـ ئىچمەك ياكى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغان. سەرگەردانلارنى تاماق ئېتىش ۋە يېمەكلىك تارقىتىش خىزمىتىگە قويۇپ، مۇلازىمەت قىلىنغۇچى ئوبيېكتنى مۇلازىمەت قىلغۇچى ئاساسىي گەۋدىگە ئۆزگەرتكەن. مۇشۇ بىر تۈردىكى تەدبىرلا سەرگەردانلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە قەددىنى كۆتۈرگەن. يۇقىرىقى ئاۋسترالىيىلىكنىڭ مىسالىدىن مۇنداق ئىككى نۇقتىنى كۆرۈۋالالايمىز: بىرىنچى، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر سەرگەردانلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى قانداق يۇقىرى كۆتۈرۈش مەسىلىسىنى ئويلىشىشقا باشلىغان، بىزدە بۇ جەھەتتە ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلار تېخى نۇرغۇن. ئىككىنچى، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ خەير ـ ساخاۋەت خىزمىتىنى ھۆكۈمەت ئۆزى يالغۇز ئۈستىگە ئالمايدۇ، بۇنىڭغا شەخسلەر، ھۆكۈمەت سىرتىدىكى تەشكىلاتلار ئورتاق قاتنىشىدۇ. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئامېرىكىلىقلار بىر يىلدا ئىئانە قىلىدىغان پۇل 200 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىنلىشىدىكەن. گەرچە بىل گايتىستەك شەخسلەر بۇنىڭغا كۆپ كۈچ چىقارسىمۇ، بىراق بۇ ئىئانە پۇللىرىنىڭ 70% نى يەنىلا ئاددىي پۇقرالار چىقىرىدىكەن.

«بولسا ماڭا ئىئانە قىلسا بوپتىكەن، پارىخور ئەمەلدارلار يىلدا خىيانەت قىلغان پۇل بىلەن قانچىلىك ئۈمىد مەكتىپى سالغىلى بولىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ. تېخى ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ ـ ئىچىشكىلا يىلىغا 200 مىليارد كېتىدىكەن». بۇنداق گەپلەرنى قىلغانلار تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن تەس كۈنگە قالغانلار ئەمەس، پەقەت زور باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى پسىخىكا جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، خالاس. مىسالغا ئالساق، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئىگە بىر پروفېسسورنىڭ ئايلىق كىرىمى مىڭ نەچچە يۈز يۈەن بولسىمۇ، ئۇ كىرىمىم تۆۋەن، دەيدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە بىر ئادەمنىڭ ئايلىق تاپاۋىتى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشسىمۇ، زارلىنىدۇ. راست گەپنى قىلغاندا ئۇنداقلار مۇناسىۋەتكە تايىنىپلا كۈن بويى لاغايلاپ يۈرۈپمۇ ئۆزىدىن جىقلا پۇل تاپالايدىغانلىقىنى بىلگەچكە: «قانداق؟ ئازغۇ تاپىمەن، بىراق ھەم-

مىسى قان ـ تەرىمگە كەلگەن پۇللاردە. 365 كۈن، 24 سائەت ئارام ئېلىپ باقتىمۇ؟»، دەيدۇ. بىراق، شۇ «مۇناسىۋەت» يوللىرى بار ئادەمدىن سورىسىڭىز، «مېنىڭ قىلغانلىرىم قانچىلىكتى؟ تىرناقچىلىك»، دەيدۇ، باشقىلارنى شىپى كەلتۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدىنمۇ كەڭ «مۇناسىۋەت» تورى بارلار يوق، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

كېيىن بىر «كارخانىچى»غا يولۇقۇپ قالدىم. داچىسىدىنلا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئون نەچچىسى بار ئىكەن، شۇنداق تۇرۇپمۇ، ئۇمۇ رازى ئەمەس ئىكەن، ئۇمۇ چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. ئۇ: «ئېيىغا 800 يۈەن باج تاپشۇرىمەن، ناخشا چولپىنى، چوڭ پۇلدارلارنىڭ بىر قېتىملىق كىرىمى نەچچە مىڭ، نەچچە ئون مىڭ ھەتتا نەچچە يۈز مىڭ يۈەن بولسىمۇ، باجدىن قېچىپ قۇتۇلالايدۇ»، دەيدۇ. بەزى جۇڭگولۇق چولپانلار ئىئانە قىلىدىغان چاغدا ھەقىقەتەن باج ئوغرىلىغان، باجدىن قاچقان چاغلاردىكىدىنمۇ پاسسىپ. يېقىنقى ئىشىنلا تىلغا ئالايلى، ئالدىنقى قېتىملىق جەنۇبىي ئاسىيادا يۈز بەرگەن دېڭىز تاشقىنىدا بىرىنچى دەرىجىلىك تەگلىمە مۇسابىقە ئاپتوموبىل چېمپىيونى شۇماخ 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە قىلدى، چوڭ رېژىسسور پوربوگ 1 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە قىلدى، دىكاپۇلىئو 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە قىلدى. ساندېرا بروكمۇ سېخىيلىق بىلەن 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە قىلدى. ئەمدى جۇڭگولۇق چولپانلارغا قاراپ باقايلى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەزى «داڭدار چولپانلار» ئاران 1000 يۈەن ئىئانە قىلغان، ھەتتا كۆڭۈل ئېچىش ساھەسىدىكى بىر مەسئۇل باشقىلارنى ئىئانە قىلىشقا ئۈندىگەندە نەچچە قېتىم رەت قىلىشقا ئۇچرىغان.

«مەن پۇلنى سىزگە ئىئانە قىلىۋەتسەم، ئۇنى نېمىگە ئىشلەتكىنىڭىزنى قانداق بىلىمەن؟»، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، نامراتلارنى يۆلەش پۇلى، ئۇمىد قۇرۇلۇشى پۇللىرىغا خىيانەت قىلىنغانلىقى، ئىشلىتىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئۈزۈلدۈرمەي خەۋەر قىلىندى. بۇ پۇللار ياكى ئالدىغا كەلگەنلىكى ئىشتىن نەپ ئېلىپ، مەلۇم دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەشەمەتلىك ئىمارىتىنىڭ قۇرۇلۇش خىراجىتىگە، ئالىي دەرىجىلىك پىكاپ ئېلىش پۇلىغا ھەتتا يەپ ـ ئىچىپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان خىراجەتلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ھەقىقەتەن مۇئەييەن دەرىجىدە پۇقرالارنىڭ ئىئانە قىلىش ئاكتىپلىقىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

«بۇنداق ئىشلارغا كىم يولۇقسا، شۇنى نەس باسىدۇ». كوچا ئاپتوبۇسىدا بىر يولۇچى تۇساتتىن ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. شوپۇر ئاپتوموبىلنىڭ يۆنىلىشىنى دوختۇرخانىغا قارىتىپ ھەيدەپتۇ، دوختۇرخانىغا ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن ھوشىدىن كەتكەن ئادەم ئامان قاپتۇ، بىراق ئاپتوبۇستىكى باشقا يولۇچىلار پەس ـ بەستە شوپۇرنى ئىشقا كېچىكتۈرۈپ قويدۇڭ، دەپ ئەيىبلەپتۇ. چۈنكى، ئىشقا كېچىكىپ قالسا مۇكاپات پۇلىدىن قۇرۇق قالىدىغان گەپ. شوپۇر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە چىدىماي ئاخىر: ئويلاپ بېقىڭلار، ناۋادا ھوشىدىن كەتكەن ئادەم ئاراڭلاردىن بىرەرىڭلار بولۇپ قالغان بولسىچۇ؟ دەپتۇ. ھەقىقەتەن، بۇنداق ئىشقا كىم يولۇقسا شۇنى نەس باسىدىغان گەپ.

مەن كۆپ يىللار ئىلگىرى كۆرگەن نۇرغۇن ئامېرىكا كىنولىرىدا مۇنداق ئۈچ ئورتاق ئالاھىدىلىك بار: بىرىنچى، كىنو باشلانغاندا «بۇ فىلىم راست ئادەم، راست ۋەقەگە ئاساسەن سېنارىيەلەشتۈرۈلدى» دېگەن خەتلەر چىقىدۇ. ئىككىنچى، ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئامېرىكىلىقنىڭ مەلۇم بەختسىزلىككە ئۇچرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئېيتىمدە قىلىشچە، بۇ بەختسىزلىككە ئاپتوموبىل تورمۇزىدىن كاشىلا چىقىش، داۋالاش ھادىسىسىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراش، ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم تۈردىكى ناچار تۈزۈمى تۈپەيلىدىن يېقىن كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش قاتارلىقلار سەۋەب بولىدۇ. بەختسىزلىككە ئۇچرىغان باش پېرسوناژ نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ زور تۆلەمگە ئېرىشىدۇ؛ ئۈچىنچى، بۇ تۆلەم پۇللارغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇ بۇ پۇل بىلەن بىر فوندى جەمئىيەت قۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ئىشلاردا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا ياردەم بېرىدۇ. ئېيتىمدە قىلىشچە، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، كىنودىكى باش پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر سۆزنى قىلىدۇ: «بۇ ئىش مېنىڭ بېشىمغا كەلدى، ناۋادا تەدبىر قوللانمىساق، بۇ ئىش باشقىلارنىڭمۇ بېشىغا كېلىدۇ»، «ئۇلارنى قارا گۇرۇھ تىزگىنلىۋالغان». بىر قېتىم بىر دىۋانە بالىغا پۇل بەردىم، دەل شۇ چاغدا شەھەرباشقۇرۇش چوڭ ئەترىتى كېلىپ ئۇنى قوغلىۋەتتى، ھېلىقى بالا قورقۇپ كەتكىنىدىن پۇلنىمۇ ئالماي قېچىپ كەتتى. «كېلەر قېتىم ئۇلارغا پۇل بەرمەڭ» دېدى شەھەر باشقۇرۇشتىكىلەر ماڭا. مەن: «ئۇ بالا بەك بىچارە ئىكەن» دېدىم. «قارىماققا بىچارىدەك قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنى قارا گۇرۇھ تىزگىنلىۋالغان. قارا گۇرۇھتىكىلەر ئۇلار تىلەپ تاپقان پۇلغا مېھمانخانىدا ياتىدۇ، ئۆي سالىدۇ، كىم بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ پۇلى سىزنىڭكىدىنمۇ جىقمۇ تېخى».

(«دۇنياغا نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 9 ـ سانىدىن ئېلىندى)

«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن: گۈلشات تەلئەت تەرجىمىسى

# قەشقەرنىڭ قەدىمي كوچىلىرى













پولات ئابدۇكېرىم خوجا فوتوسى



پولات ئابدۇكېرىم خو

# 拉斯 مىراس

of Uyghur Folk Culture


区文学 界联合会

好南路22号文

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت

Tel:0991-4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 - 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 60

E-mail: mirasuyghur@126.com

PR China

چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM

باھاسى: 5.00 يۈەن

4552